# خوجىگان نەقشبەندىيە ماشايىخلىرى

## خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي

**تۇغۇلۇشى**: ھىجرىيە 495 ـ (مىلادىيە 1103 ـ) يىلى بۇخارانىڭ غىجدۇۋان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى**: ھىجرىيە 616ـ (مىلادىيە 1218ـ) يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى**: ئېگىز بوي، بېشى چوڭ، ئاق يۈزلۈك، چېھرىسى چىرايلىق، قوشۇما قاش، كۆكرەك ۋە يەلكىلىرى كەڭ ئىدى. مەنىۋى ئاتىسى ۋە ئۇستازى خىزىر ئەلەيھىسسالام بولۇپ، نەقشبەندىيە سىلسىلىسى سەرھالقىسىنىڭ كامىل مۇرشىدى ئىدى.

**كۇنيەسى**: ئىمام مالىك نەسلىدىن بولغان مەلاتىيەلىك ئابدۇلجەمىل ئوغلى ئەبدۇلخالىقتۇر.

پەدەرى بۇزرۇكۋارى ئابدۇلجەمىل ھەزرەتلىرى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇرادەرلىك قىلغان سالىھ ۋە ئارىپ زات ئىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ساڭا سالىھ بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹ئەبدۇلخالىق› قويغىن!» دەپ بۇيرۇغان ئىدى.

ئابدۇلخالىق ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئاتىسى ئابدۇلجەمىل تۈركىيەنىڭ مەلەتىيا شەھىرىدىن قېرىندىشى بىلەن بىرگە ماۋارەئۇننەھرگە، يەنى بۇخارايى شەرىپكە ھىجرەت قىلغان ۋە غىجدۇۋاندا جايلىشىپ قالغان ئىدى.

ئەبدۇلخالىق بەش ياشقا تولغان، بۇخارايى شەرىپنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ئۇستاز سەدرىددىن ھەزرەتلىرىدىن «قۇرئان كەرىم» ئۆگىنىۋاتقاندا، بىر كۈنى «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يوشۇرۇن دۇئا قىلىڭلار، (دۇئا قىلغاندا كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەپ، تۇۋلاپ) ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلەرنى ئاللا ياقتۇرمايدۇ (سۈرە «ئەئراف» 55 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. شۇندا ئەبدۇلخالىق ئۇستازىغا: «باتىنى ھەقىقەت ۋە مەخپىي زىكىر قانداق بولىدۇ؟ ئەگەر ئىنسان ئاشكارا زىكىر ۋە دۇئا قىلسا ـ يۇ، ئارىغا رىيا ئارىلاشسا، ھەقىقى مەنىدە زىكىر قىلمىغان بولىدۇ. ئەگەر قەلب بىلەن، يەنى مەخپىي زىكىر ۋە دۇئا قىلسا ھەددىس شەرىپكە كۆرە، شەيتان قاندا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكتىن زىكىر ۋە دۇئاغا خەلەقىت (توسقۇنلۇق) بېرىدۇ» دەيدۇ. ئۇستازى بۇ سوئالدىن ھەيرەتكە چۈشۈپ:

«ئوغلۇم، بۇ ئىلمى ئىلاھىيدۇر، ئاللاتائالا خالىسا سېنى ئەۋلىيالاردىن بىر زاتقا ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇ ئەۋلىيا ساڭا مەخپى ۋە جەھرى زىكرنى ئۆگىتىدۇ، شۇ تەرىقە مۇرادىڭ ھاسىل بولىدۇ» دېدى.

ئەبدۇلخالىق ياش ئەقلىنى شۇنداق پىكرلەر بىلەن بەند قىلىپ يۈرگەنلىرىدە، بىر كۈنى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا يولۇقىدۇ. ئۇ زات ئۇنىڭغا ئاشكارا ـ جەھرىي زىكىر يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە مەخپى زىكىرگە ئىجازەت بېرىپ، «ۋۇقۇفى ئەدەدىيە» نى تەلقىن قىلىدۇرىدۇ. نەقشىبەندىيەدە «ۋۇقۇفى ئەدەدىيە» بىلەن مەخپى زىكىر شۇ تەلقىندىن كېيىن باشلىنىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينى مەنئوي پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «نەفىي ئىسبات» زىكرىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ زىكىر باشنى تۆۋەن قىلىپ، يەتتە مەرتىدىن يىگىرمە بىر مەرتىگىچە قەلبىدە «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېيىش بىلەن باشلىنىدۇ. مەخپى زىكىر سالىكنى (تەرىقەت يولىغا كىرگەن كىشىنى) ھەقىقى كامالغا يەتكۈزىدۇ.

جەھرى زىكرىدە تىل بىلەن خالىسانە قىلىنغان زىكرنىڭ مەنىسىدىن قەلبەن دائىمى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق پەيز ئېلىنىدۇ.

«كانى فەيز» سۈپىتى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى يۈسۈپ ھەمەدانىي ـ ئاللا سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن ـ نىڭ خەلىپىسى، ئۇ كىشىدىن شەيخلىق ئىجازىتى، ئىرشات ئالغان.

خوجا ھەزرەتلىرىدىن بىر دەرۋىش: «نەفس خالىغاننى بېجىرەيمۇ ياكى خالىمىغانىنىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. خوجا ھەزرەتلىرى: «بۇ جەھەتتە ئىنساننىڭ ئەقلى خاتا قىلىشى مۇمكىن. ھەقنىڭ بۇيرۇغىنى قىلىنىش، مەنئى قىلىنغاننى قىلماسلىقى كېرەك. بەندىلىكمۇ، دەرۋىشلىكمۇ شۇدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دەرۋىش: «سالىكنىڭ يولىغا شەيتان غاۋ بولامدۇ؟»، دەپ سورىغاندا خوجا ھەزرەتلىرى: «غەزەبكە كەلگەندە شەيتان ئۇنىڭ يولىغا غاۋ بولىدۇ، ئىشنى تاللاپ قىلىدۇ. نەفسنى تامامەن زەئىپلەشتۈرگەن سالىكتا غەزەپ بولمايدۇ، غەيرەت ۋە غەزەپ چۈشەنچىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش كېرەك. غەيرەت دېگەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئەگىشىشتە سەباتلىق بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇخالىپلىرىغا قارشى كۈرىشىش، مۇناسىبەت بىلدۈرۈشتۇر. بۇنداق غەيرەت ئۆز ئورنىدا كۆرستىلسە، شەيتان قاچىدۇ» دېگەن ئىكەن.

ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن دوست بولۇشى نەتىجىسىدە «تەرىقتى ئالىيائى نەقشىبەندىيە» گە ھۆججەت، دەستۇر ۋە ئۇسۇل بولۇدىغان بىر قانچە قائىدىلەرنى سەيرۇ ـ سۇلۇككە كىرگۈزگەن. كېيىنرەك شاھ نەقشىبەند ـ ئاللاھ

سىرىنى مۇقەددەس قىلىشۇن - ھەزرەتلىرى ھەم بۇ ئۇلۇغ تەرىقەتكە ئۈچ قائىدە - دەستۇر ئىلاۋە قىلىپ، ئۇلارنى ئون بىرگە يەتكۈزگەن. ھەر بىر سالىك مەنىۋىي پەيز ئېلىش ئۈچۈن بولارغا ئەمەل قىلىشى لازىم:

1. ھۇش دەر - دەدەم: ھەر بىر نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىشتا ئاگاھ بولۇش.

2. نەزەر بەر - قەدەم: قەدەملىرىنى نازارەت قىلىپ يۈرۈش، ناتوغرا قەدەم ئېلىشتىن ئېھتىياتتا بولۇش ۋە ئۆزىنى ساقلاش.

3. سەفەر دەر - ۋەتەن: ھەر قەدەمدە ئەسلى مەقسەتكە - ھەق تەرەپكە يۈرۈش.

4. خىلۋەت دەر - ئەنجۇمەن: خەلق ئىچىدە ھەق بىلەن يالغۇز بولۇش.

5. يادكەرد: نەپەس چىقارماستىن (نەپەسنى يۇتۇپ) قەلب ۋە تىل بىلەن تەۋھىد زىكرىنى جەملەپ ئېيتىش.

6. بازگەشت: مەتلۇب ۋە مەقسۇدنىڭ پەقەت ئاللا رىزاسى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش.

7. نىگاھداشت: قەلبنى خاۋاتىردىن ساقلاش.

8. ياددداشت: ھەر نەپەستە ئاللا بىلەن بولۇش.

9. ۋۇقۇفى زەمانىيە: ھەر بىر لەھزىسىنى ھىساب - كىتاب قىلىش ۋە قەدىرلەش.

10. ۋۇقۇفىي ئەدەدىيە: زىكرىدە ساناقنا رىئايە قىلىش.

11. ۋۇقۇفىي قەلبىيە: قەلبنى ئاللاھ زىكرى، پىكرى ۋە ئەمرى بىلەن بەند قىلىش.

خوجا مۇھەممەد پارسا ھەزرەتلىرى «فەسلۇل - خىتاب» («تەۋھىدكە كىرىش») ناملىق ئەسىرىدە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: «خوجائى جەھان مۇتلۇق سۈرەتتە شەيخى كامىل، مۇھەققىق سۈرەتتە قۇتبى زەمان، مەتلەئى ئەنۋار، مەنبەئى ئەسرار، ھەقايىق ۋە مەنائىيىنىڭ مۇكاشىفى، ھەزرىتى خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي - ئاللاھ سىرىنى مۇقەددەس قىلسۇندۇركى، ئۇنىڭ ئۇسۇلى بۇ تەرىقەتتە ھۆججەت ۋە پۈتكۈل تەرىقەتلەر ئارا مەقبۇلدۇر. ئۇ ھەر ئان سىدقۇ سەفا يولىدا بولغان. ھەزرىتى مۇستەفا (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) نىڭ سۈننىتىدىن ئاجرالمىغان، بىدئەت ۋە ھاۋايۇ - ھەۋەستىن ھەر لەھزە مۇخالىفەتتە بولۇپ ساقلانغان، پاي سىيرەتى بىگانىلەردىن يوشۇرۇن قالغان...»

نەقىل قىلىنىدۇكى، ئاشۇرا كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تالىبلىرى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان ئىدى. ھەزرىتى خوجا مەرىپەتتىن سۆزلەۋاتاتتى. ناگاھان ئۇستىدە خىرقە، يەلكىسىگە جەيناماز تاشلانغان زاھىد سۈپەت بىر يىگىت كېلىپ، بىر بۇرجەككە ئولتۇردى. ھەزرىتى خوجا ئۇنىڭغا قارىمىدى. بىر سائەت ئۆتكەندە يىگىت ئۆرە تۇرۇپ

دېدىكى: «رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم: ‹مۆمىنىنىڭ پاراستىدىن ساقلىنىڭ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن باقىدۇ›، دەپ بۇيرۇغان، بۇنىڭ سىرى نېمە؟». ھەزرىتى خوجا ئېيتتىلەركى: «بۇ ھەدىسنىڭ سىرى، بىلىڭدىكى زۇننارىڭنى كېسىپ، ئىمان كەلتۈرۈشىڭدۇر». ھېلقى يىگىت: «ئاللاھ ساقلىسۇن، بىزدە زۇننار نېمە قىلىدۇ؟»، دېدى. شۇندا ھەزرىتى خوجا بىر دەرۋىشكە ئۇنى ئاختۇرۇشقا بۇيرىدى. دەرۋىش تۇرۇپ يىگىتنىڭ ئۈستىدىكى خىرقىسىنى قايرىدى، بېلىدە زۇننارى كۆرۈندى. بۇ غەيرى دىن يىگىت دەرھال زۇننارىنى تاشلىدى ۋە ئىمان كەلتۈردى. ھەزرىتى خوجا بۇيرۇدىكى: «ئەي بۇرادەرلىرىم، بىزمۇ بۇ يېڭى مۆمىن كەبى زۇننارىمىزنى كېسىپ، ئىمان كەلتۈرەيلۇق. ئۇ زاھىري زۇننارىنى قانداق كەسكەن بولسا، بىزمۇ باتىنىي زۇننارلىرىمىزنى كېسەيلۇق، بۇ زۇننار كىشىنىڭ ئۆز ئىبادىتىگە مەغرۇرلىنىشىدۇر، شۇ يولىمىزغا توسقۇن بولىۋېتىپتۇ». ھەزرىتى خوجىنىڭ ئەمرلىرىدىن كېيىن مۇرىتلىرى ئۆز كىبىرلىرىدىن ئاگاھ بولدى ۋە ھەزرىتى خوجىغا تەشەككۇر ئېيتىپ، ئاياقلىرىغا يېقىلىپ تەۋبە قىلىشتى.

نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر دەرۋىش ھەزرىتى خوجىغا شۇنداق دېدى: «ئەگەر ئاللاھ تائالا ماڭا جەننەت بىلەن جەھەننەمدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بەرسە، مەن جەھەننەمنى تاللايمەن. چۈنكى ئۆمرۈم داۋامىدا نەپسىم ئىستىگىنى بېجىردىم، ھازىرقى ھالەتتە جەننەتنى خالىسام، بۇمۇ نەپسىم خاھىشىدۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالا جەھەننەمنى راۋا كۆرۈۋېتىپتۇ». ھەزرىتى خوجا بۇ سۆزنى رەت قىلىپ شۇنداق دېدى: «بەندىنىڭ جاي تەينلەشتە ئىختىيارى بارمۇ؟ بىزگە قەيەرنى راۋا كۆرسە بارىمىز، قەيەردە ‹بول› دېسە شۇ يەردە بولىمىز؛ بەندىلىك بۇدۇر، سەن ئېيتقانغا ئوخشاش ئەمەستۇر».

يەنە نەقىل قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى خوجا ھوزۇرىغا ئۇزاق يولدىن بىر مېھمان كېلىپتۇ. شۇ ئەسنادا چىرايلىق ياش يىگىتمۇ كېلىپ، خوجا ھەزرەتلىرىدىن دۇئا سوراپتۇ. خوجا ھەزرەتلىرى ھەققىگە دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ياش يىگىت بىردىنلا غايىب بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ مېھمان ھەزرىتى خوجىغا: «بۇ ياش يىگىت كىم بولىدۇ؟» دەپ سوئال قىلغاندا، ھەزرىتى خوجا ئېيتىپتۇكى: «بۇ ئاسماننىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە تۇرىدىغان پەرىشتە. بىر ئەيىب تۈپەيلى ئاللاتائالا ئۇنى مەقامىدىن يىراقلاشتۇرۇپ بۇ ئالەمگە ئەۋەتتى. بۇ پەرىشتە باشقا پەرىشتىلەردىن گۇناھىنىڭ كەچۈرلىشى ۋە ئۆز مەقامىغا قايتىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى سورىغىنىدا، ئۇلار پېقىردىن دۇئا سوراشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. بىز دۇئا قىلدۇق ھەق تائالا دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز مەقامىغا قايتۇردى». ئۇ مېھمان دەپتۇكى: «ئەي خوجىمىز، ئاللا بىزنى ئاخىرقى نەپسىمىزدە ئىماندىن ئايرىماسلىقى ۋە جېنىمىزنى شەيتاننىڭ تۇزىقىغا چۈشۈرمەسلىكى ئۈچۈن ھەققىمىزگە دۇئا قىلىڭ». خوجا

ھەزرەتلىرى ئىلتىپات قىلىپ دەپتۇكى: «پەرز نامازدىن كېيىن قىلغان ھەر قانداق دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئاللاتائالا ۋەدە بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن بىزنى خەيرلىك دۇئالىرىڭىزدا ئۇنۇتماڭ، بىزمۇ سىزنى پەرزلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دۇئالىرىمىزدا ئەسلەيلۇق. ئۈمىد قىلىمىزكى، ئاللا تائالا بىزنىڭ ھەققىمىزدە سىزنىڭ دۇئايىڭىزنى، سىزنىڭ ھەققىڭىزدە بىزنىڭ دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ».

خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي شۇنداق مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتىلەركى، بىر نامازنىڭ ۋاقتىدا كەئبەتۇللاغا بېرىپ قايتاتتى. ئۇ ھەزرىتى پىرنىڭ ئابرۇيى - مەرتىۋىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ھۇدۇدىدىن تاشقىرىمۇ مەلۇم ئىدى. شام دىيارىدا ئۇ زاتنىڭ خاناقاھ بەرپا ئېتىپ، مۇرىتلار تەربىيىلىگىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرى «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» تە خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق تەرپلەيدۇ:

«ئالارنىڭ (خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ) رەۋشى تەرىقەتتە ھۆججەتتۇر. بارچە فارۇقنىڭ مەقبۇلدۇرلار. ھەممىشە سىدقۇ سەفا يولىدا ۋە مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شەرىئەت ۋە سۈننىتى مۇتابەئەتىدە ۋە بىدئەتۇ ھەۋا مۇخالەفەتىدە قەدەم ئۇرۇبتۇرلار، پاك رەۋىشلەرنى ئەغيار كۆزىدىن يوشۇرۇپتۇر...».

يەنى، ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ تۇتقان يولى تەرىقەتتە ھۆججەت - دەلىل ۋە نەمۇنە ھېسابلىنىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاجراتقۇچى، ئادالەتلىك كىشىلەر نەزىرىدە مەقبۇل ۋە مۆتىۋەردۇر. ئۇ زات ھەممىشە ساداقەت ۋە سەفا - يورۇقلۇق يولىدا يۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە بوي سۇناتتى، تۈرلۈك بىدئەت، خۇراپاتلارغا قارشى كۈرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ پاكىزە ھايات تەرزلىرىنى باشقىلاردىن پىنھان تۇتاتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرى بىر مۇددەت پىرىنىڭ سۆھبەتلىرىدىن ئۇزاقلىشىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى چۈشىدە بىر گورۇھ كىشىلەر كېلىپ: «سەن ئەمدى كامالەتكە يېتىشتىڭ، يۈر، سېنى جەننەتكە ئېلىپ بارايلۇق»، دەپ ئۇنى تۆگىگە مىندۈرۈپ، زىننەتلىك تەختلەر قۇرۇلغان، لەززەتلىك تائاملار پىشىپ تۇرغان ۋە سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان گۈزەل ماكانغا ئېلىپ بېرىشقىنىنى كۆرىدۇ. خوجا ئەبدۇلخالىق ھەزرەتلىرى: «يەنە بىر مەرتە ئاشۇ جايغا بارساڭ، ئۈچ مەرتە ‹لا ھەۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە...› دەپ ئېيت ۋە كۆزۈڭنى ئاچ»، دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. مۇرىت شۇ ئاشۇ كېچە چۈشىدە ئۇستازى ئۆگەتكەندەك قىلىدۇ، كۆزىنى ئاچقاندا نە كۆز بىلەن كۆرسۇنكى، ئۆزىنى ئۆلۈمتۈك ھايۋان سۆڭەكلىرى ئارىسىدا كۆرىدۇ. بۇ چۈشنىڭ شەيتان تۇزىقى

ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇستازىنىڭ سۆھبىتىنى ئەسلا تەرك ئەتمەيدۇ.

خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ئىزداشلىرىدىن خوجا ئەلى رامىتانىي ھەزرەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىمۇ خوجائى جەھاننىڭ مەنىۋىي نوپۇزىنىڭ نەقەدەر يۇكسەك بولغىنىنى كۆرسىتىدۇ: «ئەگەر يەر يۈزىدە خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي پەرزەنتلىرىدىن بىرى بولغىنىدا ئىدى، مەنسۇر ھەللاج ھەرگىز دار ئاستىغا بارمايتى».

ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت ئەھلى ئىدى. سۆزلىرى ھۆججەت ۋە دەلىلدۇر، ئۇلۇغ زاتلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەندۇر. جۈملىدىن خوجا ئەھمەد سىددىق، خوجا ئەۋلىيائى كەبىر، خوجا ئارىف رىۋگەرىي، خوجا نەقشىبەند ھەزرەتلىرى باھائۇددىن ۋە باشقا كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇ زاتتىن مەنىۋىي پەيز ئېلىپ كەلگەن. سىلسىلىدە ئامانەتنى ــ شەيخلىق ئىجازىتىنى خەلىپىلىرىدىن خوجا ئارىف رىۋگەرىيگە تاپشۇرغان.

خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى تەرىقەت پىرى، مۇرىتلار تەربىيچىسى بولۇشى بىلەن بىر قاتاردا، «ۋەسايا»، («ۋەسىيەتنامە»)، «ئادابى تەرىقەت»، ھەقايىقۇل ـ ئىمان»، «دەقايىقۇل ـ ئىرفان» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ). «مەقاماتى يۇسۇپ ھەمەدانىي»، «ئەز گۇفتارى خاجە ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

«ۋەسىيا» خوجا ئەبدۇلخالىقنىڭ خەلىپىسى ئەۋلىيائى كەبىر (ئەۋلىيائى كەلان) ئۈچۈن ئېيتقان تەۋسىيەلىرىدىن ئىبارەت پارچە ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تەقۋادار بولۇش، جاھىل (نادان) سوپىلاردىن يىراق يۈرۈش، شەرىئەت ۋە سۈننەت يولىدىن ئايرىلماسلىق كەبى مەزمۇنلارغا ئورۇن بېرىلگەن. 16 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەدىب فەزلۇللا ئىبنى ئىسفەھانىي غىجدۇۋان شەھرى بىلەن باغلىق رەۋىشتە بۇ ئەسەرگە شەرھ پۈتكەن ئىكەن.

«مەقاماتى يۇسۇپ ھەمەدانىي» ــ ئۇستازى شەيخ يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ سۆزلىرى، ئەخلاقى ۋە ئەھۋالى بايانىغا بېغىشلانغان ئەسەر.

«ئەز گۇفتارى خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي» دا خوجا ئەبدۇلخالىقنىڭ سەيرۇ سۇلۇك ئەدەبىگە دائىر سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرى بايان ئېتىلگەن.

مۇئەللىپى نامەلۇم «مەقاماتى ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي» ئەسىرىدە بولسا خوجا ئەبدۇلخالىقنىڭ ھاياتى، مەنقەبەلىرى ۋە بەزى رۇبائىيلىرىغا ئورۇن ئاجرىتىلغان.

خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ تۆۋەندىكى پەند ـ نەسىھەتلىرى ۋە تەۋسىيەلىرى ئۆتمۈشتە تولىمۇ قەدىرلىك بولغان:

-ئەي پەرزەنـد، فىقھ ۋە ھەدىـس ئىلىمىنـى ئـۆگەن، جاھـىل سوپىلاردىن يىراق يـۈر، مىلىلىك فىقھ كىتـابلىرى بولسـۇن، بـىرەر كىشى سىنى ماختىسا مەغرۇرلانما، تەنقىد قىلسا رەنجىمە. ئىنسانلاردىن ھـېچ نەرسە سورىما، تەمە قىلما، ساخاۋەت ئەھلىـدىن بـول، ھەق تائالا ساڭا نېمىنى بەرگەن بولسا خەلققە تارقات...بىرەر مەنسەب ـ مەقامغا ئىنتىلمە، باي، بەدۆلەت ۋە رەئىـس ـ ئەمىرلەرنىـڭ ھوزۇرىغا بارما، ئۇلار بىـلەن ھەمسۆھبەت بولما. .. ئۇسۇل ساماغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلمە («ۋەسىيەتنامە» دىن).

-ناماز ئوقۇغـان ئـادەمنى شـۇنداق بىـر خەۋپ ۋە قورقـۇنچ باسـىدۇكى، ئۇنىڭغا ئـوق ئاتسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ («سوئاللارغا جاۋاب» تىن).

-بىـر كىشـىدە تۆۋەنـدىكى بەش پەزىلەتنـى كۆرمەسـتىن ئۇنىـڭ بىـلەن دوسـتلۇق ئورناتمـا: پېقىرلىقنـى بـايلىقتىن ئەۋزەل بـىلىش، ئەمەلنـى ئىلىمـدىن ئۈسـتۈن قويـۇش، خارلىقنى ئىززەتتىن يۈكسەك ھېسابلاش، ئەقىل ـ پاراسەت ئىگىسى بولۇش، ئۆلۈمگە دائىـم تەييار تۇرۇش».

مەنـبەلەردە يېزىلىشـىچە بىـر كـۈنى خوجا ئەبـدۇلخالىق ھەزرەتلىرىگە قوشنا ئۆيـدە ياشايدىغان ئايالنىڭ ئېرىگە ئېيتقان مۇنـداق سۆزلىرى ئاڭلىنىپ قـاپتۇ: «ئـون سەككىز يىلدىن بىرى سىز بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن، ئاچ ـ يالىڭاچ تاشلاپ قويغىنىڭىزدىمۇ سەۋر قىلدىم. ھاياتىنىـڭ ھەر قانـداق ئىسسىـق ـ سـوغۇقلىرىغا چىدىـدىم. نـېمە ئېلىـپ كەلگەن بولسـىڭىز، ئۇنىڭـدىن ئـارتۇقنى تەلەپ قىلمىـدىم. ئـار ـ نومـۇس، شـەرەپ ـ شـانىڭىزنى ئاسراپ كەلدىم. باشقىلار ئالدىدا سىزدىن شىكايەت قىلمىدىم. بـارچە قىيىنچىلىقلارغا سىـز مېنىڭكى بولىشـىڭىز ۋە مەن سىـزنىڭكى بولۇشـىم ئۈچـۈن چىـداپ كەلـدىم. لېكىن، شـۇنى بىلىڭكى، مۇبادا باشقا بىرىسـىگە مايىـل بولـۇپ، مەنـدىن باشقىسىنى ئىختىيار قىلسـىڭىز، خوجا ئەبدۇلخالىق ھەزرەتلىرىنىڭ ئېتىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ، ئىلاھىـي ئـادالەت تەنتەنە قىلغانغا قەدەر قويۇپ بەرمەيمەن».

بـۇ سـۆزلەرنى ئاڭلىغـان خوجـا ئەبـدۇلخالىق ھەزرەتلىـرى دەپتـۇكى: «بـۇ ئايالنىـڭ ئېيتقان گەپلىرى ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى، كۆزلىرىمدىن ياش ئاقتى. ئەي ئەبدۇلخالىق، بۇ ئايال بىر مەخلۇق مۇھەببىتى بىلەن شۇنچە قىيىنچىلىققا چىداپتۇ. بۇ سۆز دەرۋىشلەرگە ساۋاق بولسۇن ۋە بۇنىڭغا قۇرئاندىن بىر دەلىل تاپاي، دېدىم. ئەقلىمگە شۇ ئايەت كەلدى: ‹ئەلۋەتتە، ئاللا ئۆزىگە (بىرەر نەرسە ياكى كىشىنىڭ) شېرىك قىلىنىشىنى كەچۈرمەيدۇ. شۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئۆزى خالىغان بەندىلىرى ئۈچۈن كەچۈرىدۇ› (سۈرە «نىسا»، 116 ـ ئايەت)».

خوجـا ئەبـدۇلخالىق غىجـدۇۋانىي ھەزرەتلىـرى 1218 ـ (يـاكى 1179 ـ ) يىلـى

غىجدۇۋانىيدا ۋاپات بولغان. قەبرىسى ھازىر مەزكۇر شەھەردە مۇقەددەس زىيارەتگاھ ھېسابلىنىدۇ. سەرھالقا سىلسىلىسىنى ئۈزىدىن كېيىن خوجا ئارىف رىۋگەرىي ھەزرەتلىرى داۋام ئەتتۇردى.

## خوجا ئارىف رىۋگەرىي

**تۇغۇلۇشى**: ھىجرىيە 560 (مىلادىيە 1165) ـ يىلى بۇخارانىڭ رىۋگەر دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى**: ھىجرىيە 660 (مىلادىيە 1232) ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى**: خوجا مۇھەممەد ئارىف رىۋگەرىي ئوتتۇرا بوي، ئاي يۈزلۈك، كۆزلىرى چوڭ، قاشلىرى ئىنچىكە ۋە ئەگرى، قىزغۇچ ئىدى، ۋۇجۇدىدىن خۇشبۇي ھىد تارىلىپ تۇراتتى. ئۇلۇغ ۋەلىيلەردىن بولۇپ، ئىلىم، ھەلىم، زۇھد، تەقۋا، رىيازەت ۋە ئىبادەت ئەھلى ئىدى.

«مەقاماتى خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ۋە ئارىفى رىۋگەرىي» دېگەن ئەسەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، رىۋگەرىي بالىلىقىدىلا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۇ تىنىمسىز رىيازەت چېكەتتى، ھەتتا غەپلەت ئۇيقۇسىدا قالماسلىق ئۈچۈن كۆزىگە تۇز سېپەتتىكەن. بۇنى كۆرگەن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كېلەچەكتە مەرىپەت ساھىبى بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان. شۇ دۇئا بەرىكاتى بىلەن خوجا مۇھەممەد رىۋگەرىي «ئارىف» لەقىمىگە مۇشەررەپ بولغانىكەن.

«رىسالەئى سىغناقىي» ناملىق ئەسەردە بايان ئېتىلىشىچە، كۆڭلەردىن بىر كۈنى خوجا ئەھمەد يەسسەۋىي تائام پىشۇرۇۋېتىپ، مۇرىتى خوجا دۇغىينى غىجدۇۋانغا بېرىپ، خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىيدىن قىتىق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خوجا دۇغىي غىجدۇۋانغا يېتىپ بارماستىنلا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىينىڭ خەلىپىسى خوجا ئارىف رىۋگەرىي ئەھمەد يەسسەۋىي ھوزۇرىغا قىتىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خوجا دۇغىي: «ئارىفنىڭ ھالى مەندىن ئۈستۈن كەلدى» دەپ خوجا ئارىفنىڭ كامالىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

يەنە مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، خوجا ئارىف ئۇستازى (خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي) غا ئۇخشاش كەئبىنى بۇخاراغا كەلتۈرۈش، تامغا مىنىش قاتارلىق كەشپۇ ـ كارامەتلەرنىڭ ساھىبى ئىكەن. ئۇ خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئۇزاق يىللار خىزمىتىدە بولغان ئەڭ پەزىلەتلىك مۇرىتلىرىدىن ۋە بۇيۇك خەلىپىلىرىدىن ئىدى. سەيرۇ سۇلۇكتە

ئۇستازى جارى قىلغان تەرىقەتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىگە بىرمۇ بىر ئەمەل قىلىپ، پەيزىگە ئېرىشتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتە ناھايىتى تەلەپچانلىقى سەۋەبىدىن يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ يولىنى داۋام ئەتتۈرۈشتە سەممىي ئىخلاس ۋە غەيرەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن تۆت ئەۋلات كېيىن كەلگەن مۇھەممەد باھاۋۇددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، روھىيەتلىرىدىن پەيز ئېلىپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان.

خوجا ئارىف رىۋگەرىينىڭ بىرگىچە مەلۇم بولغان يېگانە ئەسىرى «ئارىفنامە» دۇر. ھىجرىيە 622 (مىلادىيە 1225) ـ يىلى قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەسەردە دەسلەپكى سوپىلارنىڭ پىكىر ـ قاراشلىرى بىلەن بىرگە، ئۇستازى ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي بىلەن باغلىق بولغان مەنبەلەرمۇ ئورۇن ئالغان.

مۇھەممەد تالىبنىڭ «مەتلەبۇت ـ تالىبىن» ئەسىرىدە خوجا ئارىفنىڭ «تەدبىرگە باغلىق، تەقدىرگە مۇنكىر (تانغان) كىشى دەۋزىخى، ئىلاھى تەقدىرگە تەسلىم بولغان كىشى جەننەتتىيدۇر» دېگەن سۆزلىرى قەيت قىلىنغان.

بۈيۈك ئەۋلىيا ۋە ئارىفلاردىن بولغان خوجا ئارىف رىۋگەرىي ھەزرەتلىرى ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا ھوزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن جەھرىي زىكىر قىلىشنى باش خەلىپىسى مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىي ھەزرەتلىرىگە ئۆگەتكەن. بۇ ئاشكارا زىكىر تەلەم زامان ئېھتىياجلىرىدىن ئىدى. زىكىردىن غاپىل بولغان خەلق زىكرى جەھرىيەنى ئاڭلاش ۋەجامائەت بولۇپ زىكىر قىلىش ئارقىلىق مەنىۋىي پەيز ئالاتتى.

«ماھىتابان»، «پىشۋايى ئارىفان» سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن ھەزرىتى خوجىنىڭ قەبرىئى شەرىپلىرى رىۋگەردە زىيارەتگاھدۇر. خوجا ئارىف رىۋگەرىي ھەزرەتلىرى كېيىن خەلىپىلىرىدىن خوجا مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىي ـ ئاللا سىرىنى مۇقەددەس قىلسۇن ـ سەر ھالقا سىلسىلىسىنى داۋام ئەتتۈرگەن.

## خوجا مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىي

**تۇغۇلۇشى**: بۇخارانىڭ ۋابكەنت تۇمەنى، ئەنجىر فەغنى قىشلىقىدا تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى**: ھىجرىيە 685 (مىلادىيە 1286) ـ يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى**: ئوتتۇرا بوي، ئاق تەنلىك، بۇرنى چىرايلىق، ئېغىزى كەڭ، قارا ساقاللىق، كۆركەم يۈزلۈك كىشى ئىدى. بېشىغا ئاق سەللە ئورايتى، كارامەتلىرى كۆپ ئىدى.

بۇخارادىن ئۈچ پەرسەخ (ئۈچ مىڭ ياكى بەش مىڭ مېتىرلىق كونا مۇساپە بىرلىكى) مۇساپە نېرىدا بولغان فەغنە قىشلىقىدا تۇغۇلغان. نەسلى سەييىدزادىلەردىن ئىدى. ئۆمۈر كەچۈرۈش ئۈچۈن دورىگەرلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. خوجا ئارىف رىۋگەرىي ھەزرەتلىرىگە خىزمەت قىلىپ يېتىشكەن ئەڭ كامىل مۇرىتلاردىن ۋە ئەڭ ئۇلۇغ خەلىپىلىرىدىن بولغان. ھەزرەتنىڭ خىلۋەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەتتە سىرداشى ئىدى. يەككە شەخس ئۈچۈن مەخپىي زىكرنى، جەمائەت ئۈچۈن جەھرىي زىكرنى ئەۋزەل كۆرەتتى.

ۋابكەنىي (ۋابكەنت) جامە مەسچىتىدە كۆپ يىللار خەلقنى ئىرشات قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. خوجاگان تەرىقىتىدە جەھرىي زىكرنى باشلىغان زاتلاردىن ئىدى. زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ھەفرۇددىن بىر كۈنى خوجا مەھمۇتتىن سورايدۇ: «تەرىقىتىڭىز مەخپىي زىكرگە ئاساسلانغان بولسىمۇ، جەھرىي زىكرى قىلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟». خوجا مەھمۇد ھەزرەتلىرى: «غاپىللارنىڭ ئويغىنىشلىرى، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتۇشلىرى ۋە زىكرگە رىغبەت كۆرسىتىشلىرى ئۈچۈندۇر. شۇ تەرىقە ئۇلار ھەق يولىغا كىرىدۇ، ئىخلاس بىلەن تەۋبە ۋە ئىنتىساب قىلىدۇ، ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ، زىكىر پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ۋە سائادەتلەرنىڭ بېشى، شۇنىڭ ئۈچۈن زىكىر ئۈچۈق بولۇشى، خەلق ئاڭلىشى ۋە كېلىشى كېرەك»، دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەفرۇددىننىڭ: «تىل بىلەن قىلغان زىكىردە ھەققىي بىلەن ساختىسىنى قانداق ئاجرىتىش مۇمكىن؟» دېگەن سوئالىغا خوجا مەھمۇد: «جەھرىي زىكرنى دىلنى يالغاندىن، غەيۋەتتىن، ھارام لوقمىدىن، قەلبنى شۈبھىدىن، كۆزنى خىيانەتتىن ۋە ھارام نەرسىلەرگە قاراشتىن، كۆڭۈلنى رىيا ۋە مەنمەنلىكتىن، باتىنى ماسىۋادىن تازىلىغانلار بېجىرەلەيدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

فەغنەۋىينىڭ پىكرىچە، ئاشكارا ياكى مەخپىي زىكىردىن مەقسەت بىر بولۇپ، ھېكمەت، مەسلىھەت ۋە ھالەت زۆرۈرىيىتى ھەر ئىككى خىل زىكرىدىمۇ مەۋجۇتتۇر. بىراق سەيرۇ سۇلۇك مەخپىي زىكرگە ئاساسلانغان.

فەخرىددىن ئەلى سەفىينىڭ «رەشەھات ئەينۇل ـ ناللىبىن»، بەدرىددىن سەرھىند-يىنىڭ «ھەزەراتۇل ـ قۇدس»، مۇھەممەد تاللىبنىڭ «مەتلەبۇت ـ تاللىبىن»، مەجدۇددىن بەدەخشانىينىڭ «جامىئۇس ـ سەلاسىل» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە خوجا مەھمۇد ئەنجىر فەغنەۋىينىڭ چوڭ بىر ئاق قۇش شەكلىگە كىرىپ ئۇچقانلىقى ۋە خەلىپىسى ئەلى رامىتانىي بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

تەرىقەت مۇھىتىدا «غىبتەفەرمايى سۇرەريا» سۈپىتى بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن خوجا مەھمۇد ھەزرەتلىرى ئۆزىدىن كېيىن ھۆسەيىن ئەمىر خۇرد ۋابكەنىي (ۋاپاتى ھىجرىيە 719 \مىلادىيە 1319 ـ يىلى) ۋە خوجا ئەلى رامىتانىي ھەزرەتلىرىگە شەيخلىق ئىجازىتى ـئىرشات بەرگەن. سەرھالقا سىلسىلىسىنى خوجا ئەلى رامىتانىي داۋام ئەتتۈرگەن.

## خوجا ئەلى رامىتانىي

**تۇغۇلۇشى**: ھىجرىيە 588 (مىلادىيە 1191) ـ يىلى بۇخارانىڭ رامىتان دېگەن يېزىدە تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 721 (مىلادىيە 1321) ـ يىلى خارەزمدە ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى:** ئوتتۇرا بوي، يۈز ۋە باشقا ئەزالىرى ناھايىتى كۆركەم ئىدى. پېقىرلىك سۆلۈكىنى تاللىغان ئىدى. ماتا توقۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى. زاھىرىدا خەلق بىلەن، باتىنىدا ھەق بىلەن ئىدى. يۈكسەك مەنىۋىي مەقامغا ئېرىشكەن بولۇپ، پەۋقۇلئادە كارامەتلىرى ئاشكارا ئىدى. خوجا مەھمۇد فەغنەۋىي ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەڭ ساداقەتلىك، ئۇلۇغ خەلىپىلىرىدىن ئىدى.

تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئارىسىدا «ئەزىزان» لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا ئەلى رامىتانىي رامىتاندا بىر نەچچە يىل خەلقنى ئىرشات ئەتكەن. كېيىن بارۋەرد (ئابىۋەرد) گە كۆچۈپ بارغان. ئۇ يەردىمۇ مۇرىتلار يېتىشتۈرگەن. ئاخىرى خارەزمگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە مۇقۇم ياشىغان.

«رەشەھات ئەينۇل ـ ھەيات» ۋە «ھەزەراتۇل ـ قۇدس» ئەسەرلىرىدە يېزىلىشىچە، خوجا ئەلى رامىتانىي خارەزمدە ياشاش ئۈچۈن ھۆكۈمداردىن يازما روخسەتنامە ئالىدۇ. ئۇ ھەركۈنى مەدىكار بازىرىغا بېرىپ، بىر ئىككى مەدىكارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا دىن ۋە تەسەۋۋۇپتىن ساۋاق بېرىدۇ. كەچ كىرگەندە ھەققىنى بېرىپ كەتكۈزىۋېتىدۇ. لېكىن خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ سۆھبىتىنى بىر قېتىم ئاڭلىغان ئادەم يەنە كېلىۋېرەتتى. شۇ ئەسنادا تېز پۇرسەتتە مۇرىتلىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋپسىرىگەن بەزى كىشىلەر پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. پادىشاھ رامىتانىيدىن شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن خوجا ئەلى رامىتانىي قولىدىكى يازما روخسەتنامىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ شەھەردە قىلىشىغا روخسەت بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە پادىشاھ بىلەن خوجا ئەلى رامىتانىي ئارىسىدا دوستانە مۇناسىۋەت پەيدا

بولىدۇ.

مۇھەممەد خارەزمىي ئەرزەڭگىنىڭ «شەرھى رىسالەئى ئەزىزان» ئەسىرىدە نەقىل قىلىنىشىچە، خوجا ئەلى رامىتانىي كەچكى پەيتلەردە ماتا بازىرىغا بىرىپ، ھېچكىم سېتىۋالماي ئىشىپ قالغان يىپەكلەرنى سېتىۋالاتتىكەن. ئۆزى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تائەت ـ ئىبادەت قىلغاچ ئىلىپ كەلگەن يىپەكلەردىن ماتا توقۇيدىكەن. بۇ ئىشنى غەيب ئەرەنلەر، مۇسۇلمان جىنلار ياكى پەرىشتىلەر بىجىرىدىكەن. خوجا ئەلىي رامىتانىي بۇ ماتالارنى سېتىپ، پايدىسىنى ئۈچكە تەقسىملەيدىكەن: ئىلىم ئەھلىگە، كەمبەغەللەرگە ۋە ئۆز ئائىلىسىگە.

زاماننىڭ مەشھۇر شەيخلىرىدىن بەرىدىدىن ھەمەدانىي خوجا ئەلى رامىتانىيدىن: « ‹ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىڭلار (سۈرە «ئەھزاب»، 41 ـ ئايەت)› ئايىتى كەلىمەسىدە نەزەردە تۇتۇلغان زىكىر زىكرى جەھرىيمۇ ياكى زىكرى مەخپىيمۇ؟» دەپ سورىغاندا، خوجا ئەلى رامىتانىي ھەزرەتلىرى: «تەرىقەتكە يېڭى كىرگەنلەرگە كۆرە جەھرىي، سۈلۈكنى ئاخىرىسىغا يەتكۈزگەن مۇرىتقا كۆرە مەخپىيدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

«زىكرى جەھرىيگە دەلىلىڭىز نېمە؟» دېگەن سوئالغا: «ئەگەر مەنسۇر ھەللاج زامانىسىدا خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى ياكى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرى بولغىنىدا ئىدى، ئۇنى «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» مەقامىدىن ئۆتكۈزۈپ «ئەنەلھەق» لىق دەۋاسىدىن خالاس قىلغان بولاتتى...» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

خوجا ئەلى رامىتانىي ھەزرەتلىرى ئەدىب ۋە شائىر ئىدى، ھېكمەتلەرگە تولغان پارىچە شېئىرلارمۇ يازغان.«تارىخىي نەزمۇ ـ نەسىر» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى سەئىد نەفىسىينىڭ قەيت قىلىشىچە، خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ «مەھبۇبۇل ـ ئارىفىن» ناملىق ئەسىرى بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە مۇرىتلارغا تەۋسىيە قىلىنغان ئون ئاساسىي قائىدە چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردە ۋە باشقا ئايرىم مەنبەلەردە (مەسىلەن «رىسالەئى سىتتە زەرۇرىيە»، ئەلى سەفىينىڭ «رەۋشەئات ئەينۇل ـ ھەيات»، رىزاقۇلىخاننىڭ «رىيازەۇل ـ ئارىفىن» ۋە «مەجمەئۇل ـ فۇسەفا» قاتارلىق ئەسەرلەردە) خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ شېئىرلىرى مىسال كەلتۈرۈلگەن.

خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ بەزى پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئۇنىڭ پەرزەنتى خوجا ئىبراھىم بىر نەچچە سەھىپىلىك كىچىك رىسالىگە جەمئى قىلغان. بۇ رىسالىگە مۇھەممەد خارەزمىي ئەرزەڭگىي شەرھلەر يېزىپ (تەخمىنەن 15 ـ ئەسىردە) «شەرھى رىسالەئى ئەزىزان» ياكى «مەناقىبى خاجە ئەلى ئەزىزان رامىتانىي» نامى بىلەن ئاتىغان. «فىھرىستى نۇسخەھا» ئەسىرىدە «رىسالەئى خاجەئى ئەزىزان» ناملىق كىچىك بىر رىسالە خوجا ئەلى رامىتانىيگە

نىسبەت بېرىلىدۇ.

## خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ سۆزلىرىدىن پارچىلار:

-خىزمەتنى مىننەت، مىننەتنى خىزمەت بىلمە.

-بەندە ھەققە ئاشىق بولسا، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ بەندىگە ئاشىق بولىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

-ئىنسان دائىم خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشى، لېكىن «قىلمىدىم» دەپ ھېسابلىشى كېرەك.

-تىلىڭ دائىم زىكىر بىلەن مەشغۇل بولۇشى، «زىكىر كەسىر»، يەنى ھەق بۇيرىغان «كۆپ زىكىر ئېيتىش» تۇر. نەزەرى رەھمەتتۇر، مەخپى زىكىر قىلغۇچى مەشھۇر بولسا، دېمەك ئۇ جەھرى قىلىپتۇ.

ئىككى نەرسىگە ئېھتىيات بولۇڭلار؛ غىزالىنىشۋاتقاندا ۋە سۆزلىشىۋاتقاندا.

-بۇرادىرىڭ ھەققىگە بىگۇناھ تىل بىلەن دۇئا قىل، رەت قىلىنمايدۇ. يەنى سېنىڭ تىلىڭ ئۇنىڭ ھەققىگە گۇناھ قىلمىغان، ئۇنىڭ تىلى سېنىڭ ھەققىڭگە گۇناھ قىلمىغان بولىدۇ. بۇرادەرنىڭ بۇرادەرگە خالىس دۇئاسى شۇ تەرزدە بولۇشى كېرەك.

-تالىبلار بىرەر ھەق دوستىنىڭ كۆڭلىدىن جاي ئېلىش ئارقىلىق كامال تاپىدۇ، مەنىۋى كامالەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ توغرا يولى شۇدۇر.

-مۇھەببەتنىڭ شەرتى ئەگىشىشتۇر.

-«ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتىمەن» دېگەن كىشى ئەڭ ئاۋۋال ئۇ زاتقا ئەگىشىشى كېرەك.

-ھەقتائالا بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشەلمىسەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولغانلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار.

-دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىكى ئاچا ـ سىڭىللىغا ئوخشايدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەت سۆيگۈسىمۇ بىر قەلبتە مەۋجۇد بولمايدۇ. ھالبۇكى، ھەر ئىككىلىسىمۇ مەخلۇقتۇر. شۇنداق ئىكەن، ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىغا بولغان سۆيگۈ بىر جايدا جەملەنمەيدۇ.

-« (ھەر بىر) خۇش سۆز ئۇنىڭغا يۈكسىلۇر» (سۈرە «فاتىر»، 10 ـ ئايەت) ئايىتىنىڭ ھۆكۈمىگە كۆرە، زىكىر قۇشىنىڭ قانات ياساپ ئۇچۇشى ئۈچۈن ئىككى قانىتى بولۇشى كېرەك. بۇلار ھوزۇر ۋە ئىخلاس.

-بەندە ئاللا بولالمايدۇ، لېكىن ئاللانىڭ سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ، خالاس.

خوجا ئەلى رامىتانىيدىن «ئىمان نېمە؟» (ياكى «تەسەۋۋۇپ نېمە؟») دەپ سوراشقاندا، ئۇ زات: «ئاجراتماق ۋە بىرلەشتۈرمەك (يەنى، كۆڭلىنى دۇنيا سۆيگۈسىدىن ئاجرىتىپ ئالماق ۋە ھەققە قاراتماق) دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خوجا ئەلى رامىتانىينىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئاتىسىدىن سورايدۇ: «مەنسۇر ھەللاج ‹ئەنەلھەق› (مەن ھەقمەن) دېدى، ئۇنى قەتل قىلىشتى. بايەزىد بەستامىي ‹خىرقەمنىڭ ئىچىدە ئاللاھدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق› دېدى. ئۇنىڭغا ھېچنىمە دېيىشمىدى. بۇنىڭ ھېكمىتى نېمە؟». خوجا ئەلى رامىتانىي: «مەنسۇر مەنلىكنى ئىلگىرى سۈردى ۋە سۆزىنى ‹مەن› دەپ باشلىدى. بەستامىي بولسا يوقلۇق - ھېچلىكنى ئىلگىرى سۈردى ۋە سۆزىنى ‹يوق› بىلەن باشلىدى، ئامان قالدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

كۇبراۋىيە شەيخلىرىدىن ئالائۇددەۋلە سىمنانىي بىلەن خەت يېزىشقان، يەسسەۋىيە شەيخ سەييىد ئاتا بىلەن ئۇچراشقان ئەلى رامىتانىي ھەزرەتلىرى 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. مۇھەممەد ئىسىملىك بەش كىشىنى كامالغا يەتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ئالىم، كامىل، ۋەلى زات ئىدى: خوجا مۇھەممەد ئىبراھىم (ئۆز ئوغلى، ۋاپاتى مىلادىيە 1391 - يىلى)، خوجا مۇھەممەد كۇلاھدوز خارەزمىي، خوجا مۇھەممەد ھەللاج بەلخىي، خوجا مۇھەممەد باۋەردىي خارەزمىي، خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي. خوجا مۇھەممەد رامىتانىينىڭ مەزكۇر خەلىپىرى ئۇنىڭدىن كېيىن خارەزم، بۇخارا ۋە بەلخ ھۇدۇدلىرىدا خوجىگان تەرىقىتى تەرغىبىنى داۋام ئەتتۈردى.

«مۇرغى ھەقىقەت شەھپەرى» دەپ سۈپەتلەنگەن بۇ ئۇلۇغ زات ئۆزىدىن كېيىن خوجىگان نەقشىبەندىيە شەيخلىق ئىجازىتىنى خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىيغا تاپشۇرغان.

خوجا مۇھەممەد رامىتانىينىڭ ھەققى قەبرىسى خارەزمدىكى تاشھاۋۇزنىڭ كونا ئۈرگەنچىدە. سەرھالقا سىلسىلىسىنى ئۆزىدىن كېيىن خەلىپىسى مۇھەممەد بابا سەمماسىي داۋام ئەتتۈرگەن.

## مۇھەممەد بابا سەمماسىي

**تۇغۇلۇشى:** بۇخارانىڭ سەمماس دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 733 (مىلادىيە 1335\6) - يىلى بۇخارانىڭ سەمماس دېگەن يېرىدە

ۋاپات بولغان.

**قىيـاپىتى**: بۇغداي ئۆڭ، نـۇرانىي، نەزەرى تەسـىرلىك، قەتئىـي پىكىرلىـك، جۇشـقۇن ھېسسىياتلىق كىشى ئىدى. ئاتىسى سەييىد ئابدۇللانىڭ تەۋسىيەسى بىلەن خوجا مۇھەممەد ئەنجىر فەغنەۋىيگە پۇرىت بولىدۇ. ئەنجىر فەغنەۋىـي بولسا ئـۇنى خوجا ئەلى رامىتانىيغا ھـاۋالە قىلىـدۇ. خوجا ئەزىزانغا مۇرىـت بولغـان مـۇھەممەد بابا سەمماسـىي بىـر ئۆمـۈر ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ھەتتا پىرى بۇخارادىن خارەزمگە ھىجرەت قىلغانـدا بىـرگە كەتكەن، ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە ئـۆزىگە كـۆپ پايـدا يەتكـۈزگەن. مۇرىتلار ئارىسـدا نامـدار خەلىپە بولغان. باغ ـ ۋارانلىرىغا ئۆزى قارىغان. ناھايىتى سەگەك ئىدى. بەزى خىزمەتلىردە ھال (مەنىۋىيەت) غەلبە قىلاتتى. قولىدىن ئـىش ئەسـۋابلىرى چۈشـۈپ كېتەتتـى. كـۆپىنچە مۇرىتلىرىنى ئۆزى تاللايتى.

بىر كۈنى ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرى مەيداندا چېلىشىشقا چۈشـۈۋاتقاندا مـۇھەممەد بابا سەمماسـىي ئـۇ يەردىـن ئۆتـۈپ قالىـدۇ ۋە ئىلاھـى نەزىـرى بىـلەن ئـۇنى مەنـىۋى مەيـدانغا چاقىرىـدۇ. شـۇ ھامـان ئەمىـر كـۇلال چېلىشىشـنى تاشـلاپ، ئۇنىـڭ خىـزمىتىگە كىرىـدۇ. كېيىنچىلىك باھائۇددىن نەقشبەندنى يېتىشتۈرگەن دەرىجىدىكى بىر ۋەلى زات بولىدۇ.

مـۇھەممەد بابـا سەمماسـىي ھەزرەتلىـرى بىـر گـورۇھ مـۇرىتلىرى بىـلەن بىـرلىكتە باھـائۇددىن نەقشـبەند ھەزرەتلىـرى تۇغۇلـىدىغان مەنزىـل يېنىـدىن ئۆتۈۋاتقىنىـدا: «بـۇ تۇپراقتىن تەرىقەتتە پىشقەدەم (ئۇلۇغ كىشى) بولۇدىغان ۋە خىـزمەت قىلىـدىغان ئـارىق بىـر ئەرنىڭ بۇيى (ھىدى) كەلمەكتە» دەيدۇ. بىر كۈنى يەنە شـۇ يەردىـن ئۆتـۈپ كېتىۋاتقانـدا: «سىزگە ئالدىنقى قېتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانـدا خەۋەر بەرگەن ئىرپـان سـاھىبىنىڭ بۇيى ئارتىپتۇ، ئۇ ئارىـق تۇغۇلغان بولسا كېرەك» دەيدۇ. شـۇ ئارىـدا تۇغۇلغىنىغا ئـۈچ كـۈن بولغـان باھـائۇددىننى يـۆگەكتە ھەزرەت ھوزۇرىغـا دۇئـا ئـېلىش ئۈچـۈن كەلتۈرىشـىدۇ. مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرى سەييىد ئەمىر كۇلالغا بۇھائۇددىننى كۆرسىتىپ: «بۇ بىزگە مەنسۇپتۇر، ئـۇنى مەنىـۋي پەرزەنـتلىككە قوبـۇل قىلـدۇق. بىـر نەچچە ئـاي ئالـدىن بۇيىنى ئالغان بۇ زات كىيلەچەكتە تەرىقەتىمىزنىڭ پېشۋاسى بولىدۇ. بۇ قەسرى ھىندۇۋان مەسكەنى بۇنىڭدىن كېيىن قەسرى ئارىفان، يەنـى ئـارىفلار قەسـرى بولىـدۇ. ئەي، ئەمىـر كۇلال! بۇ يۆگەك ئىچىدىكى ئوغلۇم باھـائۇددىننى ساڭا تاپشۇرىمەن، ئۇنىـڭ زاھىرىـي ۋە بـاتىنىي تەربىيەسـى بىـلەن سـەن شۇغۇللىنىسـەن، ئەسـلا بـۇ بارىـدا سۇسـلۇقتا يـول قويمىغايسەن، سۇسلۇق قىلساڭ، سېنى كەچۈرمەيمەن» دەپ قاتتىق تەيىنلىگەن ئىكەن.

ھەزرەتنىـڭ ئەڭ چـوڭ خەلىپىسـى بولغـان ئەمىـر كـۇلال: «ھەزرىـتىم، ئىنشـائاللا، ئەمرىڭىزنى بىجىرىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە سەيئى ـ غەيرەت قىلىمەن» دەپ ۋەدە

بىرىپتۇ ۋە كېيىن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.

مۇھەممەد باھائۇددىن ئېيتىدۇ: «ئۈيلىنىش ۋاقتىم يەتكەندى بوۋام مېنى خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى. ھەزرەتنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتىن بىر كۈن ئاۋۋالقى كېچىسى قەلبىمدە نىياز ۋە تەزەررۇ پەيدا بولۇپ، خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ جامەسىگە باردىم. ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن: «ئەي رەببىم، مېنىڭ بالالارغا سەۋر قىلىشىمغا قۇۋۋەت بەر، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ تۈپەيلى روبورۇ بولىدىغان مۇشەققەتلەرگە، مېھنەتلەرگە سەۋر ـ تاقەت بەر» دەپ دۇئا قىلدىم. ئەتىسى سەھەردە ھەزرەتنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا ھەزرەت: «ئەي ئوغلۇم، دۇئا قىلغاندا ‹ئەي رەببىم، ھەر ئىشتا سېنىڭ رىزالىقىڭ بولسا، بۇ ئاجىز بەندەڭگە ئۇنى ئادا ئېتىشنى نېسىپ ئەت› دەپ دۇئا قىلىش كېرەك. ھەقتائالا ھېكمىتىگە كۆرە، ئەگەر دوستىغا بالا ئەۋەتسە، ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت قۇۋۋىتىنىمۇ ئېھسان قىلىدۇ، ئەكس ھالدا بەندىنىڭ ئۆزى خالاپ، بالا تەلەپ قىلىش گۇستاخلىقتۇر» دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى.

خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرى تۆت نەپەر ئالىم، پازىل، بۈيۈك خەلىپە يېتىشتۈرگەن؛ خوجا سوپى سۇخارىي، خوجا مەھمۇد سەمماسىي (ئۆز ئوغلى)، مەۋلانا دانىشمەند ئەلى، خوجا سەييىد ئەمىر كۇلال.

خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرى پايدىسىز پىكىر ۋە تۇيغۇلاردىن قەلبىنى مۇھاپىزەت قىلىش لازىملىقىنى دائىم تەكىتلەيتى. «شەمسى ھەق» (ھەقنىڭ قۇياشى) دەپ سۈپەتلەنگەن بۇ زاتى شەرىف ئۆزىدىن كېيىن تەرىقەت ئىجازىتىنى ـ شەيخلىق روخسىتىنى سەييىد ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرغان، سەرھالقا سىلسىلىسىنى شۇ زاتى شەرىف داۋام ئەتتۈرگەن.

## سەييىد ئەمىر كۇلال

**تۇغۇلۇشى:** تەخمىنەن ھىجرىيە 680 (مىلادىيە 1281) ـ يىلى بۇخارانىڭ سۇخار ياكى ئەخشانە دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 772 (مىلادىيە 1370) ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى:** ئېگىز بويى، بۇغداي ئۆڭ، كۆكرىكى كەڭ، قوللىرى ئۇزۇن، چاتما قاش، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان، جىسمانەن بەقۇۋۋەت، پەھلىۋان سۈرەتلىك، پەيغەمبىرىمىز نەسلىدى. سەييىدزادىلىكى ئۈچۈن سەييىد ۋە ئەمىر دېيىلەتتى. ئاتىسى ئەمىر ھەمزە

يەسسەۋىي شەيخلىردىن سەييىد ئاتىنىڭ دوستى بولغان. سەييىد ئەمىر كۇلال تەبئىتىدىن ناھايىتمۇ كەمتەر كىشى بولۇپ، ئىنىراز ۋە قەيسەرلىكىنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيتتى. ئانىسى: «ئۇ قورسىقىمدىكى چېغىدىلا شۇبھىلىك تائام يېسەم، قورسىقىم ئاغرىيتى. تۆۋە قىلمىغۇچە قورسىقىمنىڭ ئاغرىشىدىن قۇتۇلالمايتىم. بۇ ھال بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن لوقمىنىڭ ھالال بولۇشىغا دىققەت قىلىدىغان بولدۇم، ئاغرىقىممۇ يوقالدى» دەپ ئەسلىگەن.

سەييىد ئەمىر كۇلالنىڭ ھۈنىرى كۇلالچىلىق ئىدى. ياشلىقىدا چېلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ناھايىتى ياخشى چېلىشاتتى. ئۇنى تونۇيدىغان ۋە ياخشى كۆرۈدىغان تاماشىبىنلاردىن بىرسى بىر كۈنى: «بۇ زاتنىڭ چېلىشىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى سەييىدلىك شەرىپىگە مۇناسىپ ئەمەس» دەپ ئويلايدۇ ۋە شۇ ھامان ئۇنى ئۇيقۇ باسىدۇ. چۈشىدە قىيامەت بولغىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگىچە لايغا پاتقىنىنى، پاتقاقتىن چىقىشقا كۈچى يەتمىگىنىدىن ناھايىتمۇ قىينالغىنىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا يىراقتىن ئەمىر كۇلال يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ پاتقاقتىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ. قارىسا چېلىشىش ئاخىرلاشقان...ئەمىر كۇلال ئۇنىڭغا روبىرو بولىدۇ ۋە: «مانا، سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن كۈنلۈك ئۈچۈن پەھلىۋانلىق قىلىۋاتىمەن، سېنى ۋە سېنىڭدەك پاتقاقتا پاتقانلارنى خۇدانىڭ ئىزنى بىلەن قۇۋۋەت ۋە ھىممەت بىلەن قۇتقۇزىمەن» دەيدۇ. شۇندا ئۇ كىشى تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، ئەمىر كۇلالنىڭ ئەڭ سادىق مۇرىتىغا ئايلىنىدۇ.

چېلىشىشنى مۇجاھىدلىق تەلىمى، دەپ ئېتىراپ قىلغان ئەمىر سەييىد كۇلال باشقا بىر كۈنى كۈرەش مەيدانىدا مۇۋاپىقىيەت كۆرسىتىۋاتقاندا خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرى ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن. توختاپ چېلىشىشنى تاماشا قىلىدۇ. شۇندا مۇرىتلىرىدىن بەزىلىرى ھەزرەتنىڭ چېلىشىشنى تاماشا قىلىشىغا تەئەججۈبلىنىپ، ھەر خىل شۈبھىلەرنى قىلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرەت دەرھال: «بۇ مەيداندا بىر ئەزىمەت ئەر باردۇركى، كۆپ ئەزىمەتلەر ئۇنىڭ سۆھبىتى بەرىكاتىدىن كامالغا يېتىدۇ. خالايىتمىكى، ئۇ بىزگە مۇرىت بولسا، ئۇنىڭ تەلىم ـ تەربىيەسىنىڭ خىزمىتىدە بولساق»، دەيدۇ. شۇ ھامان چېلىشىۋاتقان ئەمىر كۇلالنىڭ قەلبى مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرىنىڭ ھىممەت نەزىرىگە مايىل بولۇپ، دەرھال چېلىشىشنى تاشلايدۇ ۋە كېلىپ ھەزرەتنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىدۇ. كېيىن ئارقىسىدىن خانىقاغا كېلىدۇ. تۆۋە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، خوجا مۇھەممەد سەمماسىيغا مۇرىت بولۇپ، ئۇستازىنىڭ يۈكسەك مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ. زاھىرىي ۋە باتىنىي ئىلىملەردىن تەھسىل ئېلىپ زامانىسىنىڭ يېتۈك شەيخى بولىدۇ. سەييىدلىكى بىلەن بىر قاتاردا شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت، ۋە ھەقىقەت

دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىدۇ.

سەييىد ئەمىر كۇلالنىڭ ئەمىر بۇرھان، ئەمىر شاھ، ئەمىر ھەمزە ۋە ئەمىر ئۆمەر ئىسىملىك تۆت پەرزەنتى ۋە تۆت خەلىپىسى بار ئىدى. پەرزەنتلىرىنى خەلىپىلىرىنىڭ خىزمەت ۋە تەربىيەسىگە تاپشۇرىدۇ، نەتىجىدە يېتۈك تەربىيەگە مۇشەررەپ بولۇشىدۇ. بۇلاردىن ئوغلى ئەمىر بورھانى مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشىبەند تەربىيەسىگە بېرىپ: «بۇنى سىنىڭ ئىختىيارىڭغا تاپشۇرىمەن، ئۆزۈڭگە ئوخشاش كامالغا يەتكۈز ۋە ھەقىقەتلەرگە ئېرىشتۈر، بۇ يولدا بارچە قابىلىيىتىڭنى سەرپلىشىڭنى خالايمەن» دەيدۇ.

دەرھەقىقەت بىر نەچچە يىلدىن كېيىن مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرى ئەمىر بورھانى ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلگەندە، ھالىتىنىڭ ئۆزگەرگىنى ھەم كامالغا يەتكىنىنى كۆرىدۇ ۋە ئوغلى ھەققىدە: «ئەمىر بورھان تەرىقىتىمىزگە ھۆججىتىمىز، بورھانىمىزدۇر» دېگەن. ۋاقىت ئۆتۈپ، باھائۇددىنىڭ كامال ۋە ئۇستىداتىنى كۆرگەن سەييىد كۇلال ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم باھائۇددىن، باغرىمدا نېمىلا بولسا، بارچىنى ساڭا ئۆتكۈزدۈم. مەندىكى خىزمىتىڭ تامام. سىنىڭ ئۇستىداتىڭ بۈيۈك، يەنە باشقا ئۇلۇغ زاتلارنى تېپىپ خىزمىتىنى قىل، جاھانىڭ بېگانىسى بولغايسەن» دېگەن.

سەييىد ئەمىر كۇلالنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئۇنىڭ نەۋرىسى مەۋلانا شاھابىددىن تەرىپىدىن يېزىلغان «مەقاماتى ئەمىر كۇلال» (بۇخارا، 1909 ـ يىلى)، «ئاگاھي سەييىد ئەمىر كۇلال» (كاراچى، 1961 ـ يىلى) ئەسەرلىرىدە مەلۇماتلار مەۋجۇت.

ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن سەييىد ئەمىر كۇلال ئۆمۈرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى سۇخار قىشلىقىدا ئۆتكۈزىدۇ. بىر مۇددەت نەسەفدىمۇ ياشايدۇ. قەبرىسى بۇخارانىڭ سۇخار (ھازىرقى يېڭى ھايات) قىشلىقىدا.

خوجا سەييىد ئەمىر كۇلال ئۆزىدىن كېيىن تەرىقەت ئىجازىتىنى ئوغلى ئەمىر ھەمزە (ۋاپاتى مىلادىيە 1398 ـ يىل)، خەلىپىلىرىدىن مەۋلانا ئارىف دىگگەرانىي، شەيخ يادىكار كۇنسۇرۇنىي، شەيخ جامالىددىن دەھىستانىي، شەمسىددىن كۇلال ۋە باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرىدۇ. سەييىد ئەمىر كۇلالنىڭ خەلىپىلىرى ئارىسىدا ئەڭ مەشھۇرى، خوجىگان ـ نەقشىبەندىيەگە يېڭى يۆنىلىش بەرگەن ۋە تاكامۇللاشتۇرغىنى، سەرھالقا سىلسىلىسىنى داۋام ئەتتۈرگىنى خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرىدۇر

## خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند

**تۇغۇلۇشى:** ھىجرىيە 718 (مىلادىيە 1318) ـ يىلى بۇخارانىڭ قەسرى ھىندۇۋان دىگەن يېرىدە تۇغۇلغان.
**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 791 (مىلادىيە 1389) ـ يىلى بۇخارانىڭ قەسرى ئارىفان (ئەسلىدىكى قەسرى ھىندۇۋان) دا ۋاپات بولغان.
خوجا باھائۇددىن ھەزرەتلىرى خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ مەخپىي زىكىر ئاساسىدا بەرپا ئەتكەن خوجاگان تەرىقىتىنىڭ ئۇنتۇلۇشاتقان قائىدىلىرىنى جانلاندۇرغىنى ۋە راۋاجلاندۇرغىنى ئۈچۈن يېڭى بىر تەرىقەت (نەقشبەندىيەلىك) نىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە مەلۇم ۋە مەشھۇردۇر.
**قىياپىتى:** ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، قويۇق ساقاللىق، ئوچۇق يۈزلۈك ئىدى بويىنى نۇردەك پارقىرايتى، ھەممىنى توغرا يولغا باشلايتى. زاھىرەن خەلق بىلەن، باتىنەن ھەق بىلەن ئىدى.
ھىجرىيە 718 (مىلادىيە 1318) ـ يىلى بۇخارا يېنىدىكى ھىندۇۋان قىشلىقىدا دۇنياغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسلىدىن ئىدى. كىيىنچىلىك بۇ قىشلاقنىڭ نامى ئۇنىڭ شاراپىتىدىن قەسرى ئارىفان بولدى. باللىقىدىن ئاجايىپ ھالەتلىرى زاھىر بولۇشقا باشلىدى. مەنىۋىي ئۇستازى بولغان خوجا مۇھەممەد بابا سەمماسىي باھائۇددىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا: «بىر ئەر ھىدى» دىن بىشارەت بەرگەن ئىدى. بېشىغا نىسبەتەن زىيادە ئەقىل ـ ئىدراكقا ئىگە ئىدى. سۈننەتكە تولۇق ئەمەل قىلاتتى. كارامەت ۋە نۇرى ھىدايەتكە نەمۇنە ئىدى.
«ئەنىسۇت ـ تالىبىن» ئەسىرىدە كەلتۈرۈلىشىچە، خوجا باھائۇددىنىنىڭ ئانىسىدىن نەقىل كەلتۈرگەن بىر رىۋايەتكە كۆرە، خوجا باھائۇددىن تۆت يېشىدا ئانىسىغا: «سىيىرىمىز پىشانىسىدە ئاي تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن بىر موزاي تۇغۇدۇ» دەيدۇ. دەرھەقىقەت بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئېيتقان تەرزدە موزاي تۇغۇلىدۇ.
باللىقىدا مۇھەممەد بابا سەمماسىي ھەزرەتلىرىدىن نەزەر تاپىدۇ. ياشلىق ۋە كامالەت پەللىسىدە سەييىد ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ.
خوجا باھائۇددىن كۆپلىگەن تىرىك شەيخلەر سۆھبىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، ۋاپات ئەتكەن ئۇلۇغ ۋەلىيلەر رۇھىناتلىرىدىن پەيز ئېلىپ، كامالغا ئېرىشكەن. ئۇۋەيس قەرەنىي، ھەكىم تىرمىزىي كەبى ماشايىخلار قاتارى خوجائى جاھان ـ خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرى رۇھىناتىدىن پەيز ئالغان. ئۇ كىشىنىڭ تەرىقەتلىرى ۋە سەيرۇ سۈلۇكلىرىگە تەئەللۇقلۇق نىمە بولسا ئۆزلەشتۈرگەن ۋە داۋام ئەتتۈرگەن. مۇھەممەد بابا

سەمماسىي ۋە سەييىد ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىمى ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئۆيغۇنلاشتۇرۇپ، تەرىقەتكە جاھانشۇمۇل ئاساس ۋە قائىدىلەر كىرگۈزگەن.

ئەزىلەر رۇھىناتىدىن ئىلھام ئېلىپ يېتىشكىنى ئۈچۈن «ئۇۋەيسى» دېيىلەتتى. خوجا باھائۇددىن بۇخارادىكى قەبرىستانلارنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. شۇنداق زىيارەتلەرنىڭ بىرىدە خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ رۇھىناتلىرى باشقا ئەزىزلەر بىلەن بىرگە ئۇ كىشىگە كۆرۈنۈپ شۇنداق تەلىم بەرگەن: «ئوغلۇم باھائۇددىن، ھەق تەرىپىدىن ئالاھىدە ئىستىداتقا ئېگىسەن، ئالەمگە نۇر چاچىدىغان مەنىۋىي ئىستىدات پىلىكىنى بىر ئاز ھەرىكەت قىلدۇرۇشىڭ لازىم، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ئەسلا غاپىل بولما، مەخلۇقاتقا خالىسانە خىزمەت قىل. بۇنىڭ بىلەن ھەققە بارىدىغان يولنى تاپىسەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن! ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئايىغىڭنى شەرىئەت ئاساسلىرى ئۈستىگە قوي! ئەمىر ـ مەرۇپ ۋە نەھى ـ مۇنكىرگە ئەمەل قىلغان بولىسەن. سۈننەتكە تولۇق رىئايە قىل! شەرىئەتنى بوش تۇتما، بىدئەتلەردىن يىراق بول، ئىنسانلار، ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر سەندىن خىزمەت كۈتىۋاتىدۇ. سەيرۇ سۇلۇكىنىڭ ئەۋۋىلى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق بىلىم ۋە ئۇسۇللار ئالغان بولساڭ، ئۇلارنى ساقلا ئۆگىتىمەن، كۆپرەك زىكرى خۇپىيەگە ئەھمىيەت بەر. ئاللانىڭ تەۋفىقى رەفىقىڭ بولسۇن!»

خوجا مۇھەممەد ئەنجىر فەغنەۋىي ھەزرەتلىرىدىن سەييىد ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرىگە قەدەر ئۆتكەن خوجاگان ئۇلۇغلىرى ئورنىغا كۆرە خۇپىيە زىكىر قىلىنغان. ئەمما كۆپرەك جەھرىي زىكىرنى ئىختىيار قىلاتتى. ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ تەلقىنلىرى ۋە مەنىۋىي تەۋسىيەسىدىن كېيىن مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرى نەسەفكە بېرىپ، سەييىد ئەمىر كۇلال ھەزرەتلىرىگە مۇرىت بولدى ۋە مەخپىي زىكىرنى تاللىدى. ئەمىر كۇلال ھوزۇرىدا بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭدىن شەرىئەت ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرى، ئۇستازىنىڭ يېتۈك خەلىپىلىرىدىن بولغان باھائۇددىن دىگگەرانىيدىن ھەدىس دەرسى، شەمسىددىن كۇلالدىن بولسا مۇراقىبە تەلىمىنى ئالدى.

«رىسالەئى بەھائىيا»، «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس»، «مەقاماتى ھەزرىتى نەقشىبەند» ئەسەرلىرىدە يېزىلىشىچە، خوجا باھائۇددىننىڭ مەنىۋىي تەلىم ـ تەربىيەسىنىڭ كامالغا يەتكىنىنى كۆرگەن ئۇستازى ئەمىر كۇلال بىر كۈنى ئۇنىڭغا: «پەرزەنتىم باھائۇددىن، ئۇستازىم بابا سەمماسىينىڭ سىز ھەققىڭىزدىكى ۋەسىيىتىنى ئادا قىلدىم. سىينەمنى سىزنىڭ كامال تېپىشىڭىز ئۈچۈن قۇرۇتتۇم. رۇھ قۇشىڭىز بەشەر تۇخۇمىدىن چىقتى. ھىممەت قۇشىڭىز بولسا يۇكسەكلەردە ئۇچماقتا. ئەمدى سىزگە ئىجازەت بېرىمەن، بىرەر كىشىنىڭ بۇيىنى سىزىڭ، دەرھال تەلەپ قىلىڭ ۋە ھىممىتىڭىزنى ئايىماڭ» دەپ نەسىھەت

قىلىدۇ.

«خوجائى بۇزرۇك»، «خوجا بالاگەردان» كەبى لەقەملەر بىلەن مەشھۇر بولغان خوجا باھائۇددىن پىرى سەييىد ئەمىر كۇلالنىڭ روخسىتىدىن كېيىن زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن مەۋلانا ئارىف دىگگەرانىي ھەزرەتلىرىگە يەتتە يىل خىزمەت قىلغان.

«ئەنىسۇت - تالىبىن»، «رىسالەتۇل - باھائىيە»، «نەسايىمۇل - مۇھەببەت» ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئالغان مەنبەلەردە بايان ئېتىلىشىچە، بىر كۈنى شاھ نەقشىبەندىنىڭ چۈشىدە ھەكىم ئاتا ئۇ كىشىنى يەسسەۋىيە شەيخلىرىدىن بىرىگە ھاۋالە قىلىدۇ. چۈشىدىكى شەيخنىڭ سىماسىنى خاتىرىسىدە ساقلاپ قالغان خوجا باھائۇددىن ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىنى ئاتىسىغا ئېيتىدۇ، ئاتىسى: «بالام، ساڭا تۈرك مەشايىخلىرىدىن نىسىۋە تەككۈدەك» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەسسەۋىيە ئۇلۇغلىرىدىن خوجا خەلىل ئاتا ھەزرەتلىرىگە ئون ئىككى يىل خىزمەت قىلىدۇ. يەنە بىر يەسسەۋىيە شەيخى قۇسەم ئاتىدىنمۇ ئىككى - ئۈچ ئاي داۋامىدا تەلىم ئالىدۇ. نەتىجىدە تېخىمۇ كۆپ سىرلاردىن خەۋەردار بولىدۇ.

رىۋايەتلەرگە كۆرە، بىر كېچە چۈشىدە خوجا نەقشىبەند خوجاگان شەيخلىرىنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا غايىپتىن: «كېلىۋاتقان بالا سىنىڭ بەراكاتىڭدىن دەف بولىدۇ، بۇ ساڭا مۇھەممەد بابا سەمماسىنىڭ ئىكرامىدۇر» دىگەن سادا ئاڭلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «خوجائى بالاگەردان»، «باھائۇددىن بالاگەردان» دەپ ئاتاش رەسمىيلىشىدۇ.

خوجا باھائۇددىن ماۋارەئۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ نەسەف، غىدىۋەت، كىش، خارەزم، كەرمەنە، مەرۋە، ھىرات، نىشاپۇر اقتارلىق تۈرلۈك شەھەر ۋە قىشلاقلاردا بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە دىنىي - تەسەۋۋۇپىي سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇرىدۇ. ناھايىتى كۆپ مۇخلىسلار ئۇنىڭ ئىرفانى سۆھبەتلىرى تەسىرىدە ئۇنىڭغا مۇرىت بولىدۇ. كۆپلىگەن ئالىملار قاتارى بۇخارانىڭ شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ھۇسامىددىن خوجا يۈسۈپ ھافىز بۇخارىيىدەك زاتلارمۇ خوجا باھائۇددىن بىلەن مەسىلەكداش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھافىز بۇخارىينىڭ كۆپلىگەن تالىبلىرى ۋە باشقا دىن ئەربابلىرىمۇ خوجا باھائۇددىننىڭ سۆھبەت ھالقىلىرىغا قېتىشلىشقا باشلايدۇ.

مۇھەممەد باھائۇددىن ھەزرەتلىرى تۆت بۈيۈك قۇتىب: ئابدۇلقادىر گىيلانىي، مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشىبەند، سەييىد ئەھمەد ئەر - رەفائىي، سەييىد ئەھمەد بەدەۋىي ھەزرەتلىرىدىن بىرى ئىدى.

شەرىئەت بىلەن جازبەنى ئۇيغۇنلاشتۇرغان بىر تەسەۋۋۇپىي دۇنيا قاراش ساھىبى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ: «تەرىقەتتىكى ئۇسۇلىمىز ئىمام قۇسەيرىي بىلەن پەرىدىن ئەتتارنىڭ

سۆزلىرىگە مۇۋاپىقتۇر»، دەيتى.

بىر كىشى خوجا باھائۇددىندىن كارامەت كۆرسىتىشنى سورىغاندا ئۇ زات ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ: «شۇنچە گۇناھلار قىلغان ھالدا يەر يۈزىدە بىمالال يۈرگىنىمىزنىڭ ئۆزى ئەڭ كاتتا كارامەت ئەمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

خوجا مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرى ھەنەفىي مەزھەبىتە ئىدى. ئىككى مەرتە ھەجگە بارغانىدى. ئىككىنچى قېتىمدا يېتۈك خەلىپىلىرىدىن مۇھەممەد پارسا ھەزرەتلىرىنى بىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. يولدا ھىراتتا توختاپ، مەۋلانا زەينىددىن ھەزرەتلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئۈچ كۈن سۆھبەتلىشىدۇ. مەككىگە بارغىنىدا بىر كىشىنىڭ ھەج پەيتىدە كەئبە ئىشىكىنىڭ ھالقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ خۇدادىن مال - دۇنيا سوراۋاتقىنىنى، يەنە بىر كىشىنىڭ بولسا مىنا بازىرىدا مىڭلاپ تىللالىق سودا قىلىۋېتىپمۇ ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ۋەقەدىن تەسىرلىنىپ «ئىچىمدىن قان كەتتى» دەپ ئېيتقانىكەن.

خوجا باھائۇددىن تالىبلىرىغا دىنىي قانۇن - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنى، تەقۋادار بولۇشنى، شۇ يول بىلەن ۋەلىي - ئاللاھنىڭ دوستى بولۇپ يېتىش مۇمكىنلىكىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. سۈلۈكىنىڭ ئاساسىنى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ۋە ساھابىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئەگىشىش، دەپ بىلىدۇ. ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىگە نىھايەتتە ھۆرمەت - ئېھتىرام كۆرسىتىدۇ. ھەدىس ئىلمىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن سۆھبەتلەردە ھەدىسلەرنى تەسەۋۋۇپىي مەنادا كەڭ شەرھلەپ بېرىدۇ. ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدا ئەركىن گەپلىشەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئالىم ۋە فۇزۇلالار ئۇنىڭ ئىرشات ھالقىسىغا ئەزا بولۇشقان.

خوجا باھائۇددىن ساخاۋەت تەبىئەتلىك، قولى ئوچۇق، مەرد كىشى ئىدى. سوۋغا بەرگەنگە ئەلۋەتتە ھەدىيە بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ھالال مېھنەت بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىكارچى، ئىشسىز كىشىلەرنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلمايتتى.

بىر كىشى نەقشبەند ھەزرەتلىرىدىن: «نېمە سەۋەبتىن سىزنىڭ تەرىقىتىڭىزدە مەن ئاشكارا ئىبادەت ۋە زىكىر، ئادەت ۋە مۇراسىم كۆرمەيمەن» دەپ سورىغاندا، ھەزرەت: «زاھىرىمىز خەلق بىلەن، باتىنىمىز ھەق بىلەن»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەز دەرۇن ئىشۇ ئاشناۋۇ ئەز بىرۇن بىگانەۋەش،
ئىنچۇنىن زىبا رەۋىش كەم مىبۇۋەد ئەندەر جەھان.

يەنى، ئىچىگىدىن ئاشنايۇ، تېشىغىدىن بېگانىدەك كۆرۈن، بۇنداق گۈزەل ئادەم جاھاندا كەم تېپىلىدۇ.

مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرى سۆھبەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. سۆھبەتتە پەرز بولغا ئىلىم ۋە ئەخلاق تەربىيەسىنى ئۆگىتەتتى. ھەممىشە ياتشىلىق قىلىشنى ئويلايتى. ھەر قەدەمدە خىزمەت، سۆلھ ۋە ھەق يولنى كۆرسەتەتتى.

ئۇزاق يىللار كوچىلارنى تازىلاشقا، ھايۋانلارنىڭ خەشەكلىرىگە قاراشقا، يارىلىرىنى داۋلاپ ئۇلارغا خىزمەت قىلىشقا ئۆزىنى بەخشەندە قىلغان ئىدى.

ھەزرەت پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭمۇ يولى شۇنداق ئىدى. «يولىمىز سۆھبەت يولىدۇر، سۆھبەتنى تەرك قىلغان سۈننەتنى تەرك قىلغان بولىدۇ» دەيتى. چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتى. تىلىدىن زىكىر كەم بولمايتتى. بەزىدە ھەقتائالاغا: «سېنىڭ يۈكۈڭنى جان ۋە دىلدىن تارتىشقا تەييارمەن، نېمە ئۈچۈن تارتماي؟» دەپ تەسلىم ئىزھار قىلاتتى. قابىلىيەتلىك مۇرىتلىرىنى تەربىيەلەشكە كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلاتتى. ياش ۋە ئىستىداتلىق مۇھەممەد پارسا خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە ھەزرەت: «ئاللاھقا ھەمدە بولسۇن، بۇگۈن توزىقمىغا بىر قارچىغا ئىلىندى» دەپ ئېيتقان. ھەقىقەتەن مۇھەممەد پارسا شاھ نەقشىبەند ھەزرەتلىرىگە خىزمەتتە ئەڭ پىشقەدەم مۇرىتلاردىن بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ بارچە ھەرىكەتلىرى ھەزرەتنى خۇرسەن قىلغان. ھەزرەت پات - پات: «پەرزەنتىم مۇھەممەد پارسا، مېنىڭ زۇھۇرىمدىن مەقسەت سېنىڭ زۇھۇرىڭدۇر» دەپ مەرھەمەت قىلاتتى.

خوجا مۇساپىر ئېيتىدۇ: «ھەزرىتى خوجىنىڭ بىر قورۇلۇشى بار ئىدى. ھەممە يارانلار بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئاپتاپ چاشگاھقا يەتكەندە ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كېتىدۇ. ھەزرىتى خوجا يارەنلىرىنى بىرەر سائەت دەم ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەركىم قول - پۇتلىرىنى يۇيۇپ، سايىغا بېرىپ ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ. خوجا مۇھەممەد پارتسا لايخانا چېتىدە قول - پۇتلىرى لاي ھالدا ئاپتاپتا ئۇخلايدۇ. بىر پەستىن كېيىن ھەزرىتى خوجا كېلىپ بارچە يارەنلىرىگە نەزەر سالىدۇ. خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئۇنى بۇ كەيپىياتتا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇبارەك يۈزلىرىنى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ۋە سۈرتىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «خۇداۋەندە، مانا مۇشۇ پۇتلار ھۆرمىتىدىن باھائۇددىنغا رەھمىتىڭنى ئاچ»①.

مۇھەممەد پارسانىڭ ھال ۋە ھەرىكەتلىرى، يۈكسەك سۆزلىرى خوجاگان تەرىقىتىدە ھۆججەت ۋە دەلىل ئىدى. ئەدەبى تۇپەيلى ئۇستازى شاھ نەقشىبەندنىڭ ئىشىكىدە دائىم قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىنى ئۈچۈن ئۇستازى ئۇنىڭغا مۇھەممەد پارسا، يەنى دىندار،

خۇداگـۇي لەقىبىنـى بەرگەن. مـۇھەممەد پارسـا مەدىـنە مـۇنەۋۋەرەدىكى جەننەتـۇل بەقـى قەبرىسـتانلىقىغا ـ ھەزرىتـى ئاباساـنىڭ قەبرىسـى يېنىغـا دەپـنە قىلىنغـان. مـۇھەممەد پارسانىڭ «رىسالەئى قۇدسىيا» ۋە «فەسلۇل خىتاب» ناملىق ئەسەرلىرى مەشھۇر. مەنىۋى ئۇسـتازى خوجا ئەبـدۇلخالىق غىجـدۇۋانىينىڭ شـەرئىتىگە تايانغان سـۈننىي تەسـەۋۋۇپ ئەنئەنىسـىنى خوجا باھـائۇددىن نەقشـبەند فۇتـۇۋۋەت ۋە مـالامەت ئۇسـۇللىرى بىـلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭـدىن كېيىن ئىزداشـلىرىمۇ بـۇ ئەنئەننى داۋام ئەتتـۈرۈپ، خەلـق، ئۆلىما ۋە دۆلەت ھۆكۈمـدارلىرى ئىجابىي باھالايـدىغان بىـر تەرىـقەت چۈشەنچىسـىنى بارلىققـا كەلتۈرىـدۇ. مەملىـكەت خـاتىرجەملىكىنى بۇزىـدىغان تۈرلـۈك بۇزغۇنچى، ساختا ئېقىملار، بىدئەتچىلەرگە مۇقابىـل رەۋىشتە نەقشـبەندىيلىك تەرىقىتى ۋەكىللىـرى ئانا يـۇرت، خەلـق ۋە مىللەتنىـڭ ھەر تەرەپلىـمە تەرەققـى قىلىشى ئۈچـۈن كۈرەشىدۇ.

باھائۇددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىدىن نەمۇنىلەر:

-بىزنىـڭ يـولىمىز سـۆھبەتتۇر، خىلـۋەتتە شـۆھرەت، شـۆھرەتتە بولسا ئـاپەت بـاردۇر. ياخشىلىق جامائەت بىلەندۇر.

-تەۋھىد سىرىگە ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەس، مەرىپەت سىرلىرىغا يېتىشمەك مـۇمكىن، ئەمما ناھايىتى مۇشكۇل.

-مەن ھەقىـى ئىزدەشـتە بۇيـۈك سـابات، ئىـرادە ۋە قـۇۋۋەتنى ھاسـىل قىلىشـنى بىـر قىمارۋاز كىشىدىن ئۆگەندىم. قىمارۋاز بار ـ يوقىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەنـدىن كېيىن يېنىـدىكى دوستى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، قىماردىن قـول ئۈزۈشـنى ئىلتىمـاس قىلغىنىـدا، ئـۇ قىمارۋاز: «قۆزى قەلبىمگە شۇنداق غەيرەت سالدىكى، ھازىرغىچە ئـۇ غەيرەتنـى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمەن» دېگەن.

-سۈلۈك يولىغا يېڭىلا قەدەم قويغىنىمدا ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. ئەگەر ئاللاھدىن گەپ قىلىۋاتقان بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاڭلايتتىم. ئەكسىچە بولغاندا غەم ـ غۇسسىگە پېتىپ ئادەملەردىن يىراقلىشاتتىم.

-بۇ يولدا ماڭا پېقىرلىق كاتتا ياردەم قىلدى. بىزنى پېقىرلىقىمىز تۇپەيلى بۇ ئىشىكتىن ئىچكىرىگە ئالدى. نىمىگە ئېرىشكەن بولسام شۇ سۈپەتىم بىلەن ئېرىشتىم.

-بىز سۆيۈكلۈككە يەتكۈزۈشكە ۋاسىتىمىز. يولغا كىرگەنلەرگە لازىمدۇركى، ئـاقىۋەت بىزدىن ئايرىلىپ، سۆيۈكلۈككە يېتىشسۇن.

-يىگىـرمە يىلـدۇركى، رىيـم ۋە سـۈپىتىم يوقتـۇر. ھـازىرمۇ بىرەرسـى مېنـى بىلمەكنـى ئىستىسە، شۇ ئاندا ھەم رىيىم، ھەم سۈپىتىم مەلۇم ئەمەس.

-ئارىفنىڭ قەلبىدەك كەڭ ۋە كاتتا بولغان باشقا نەرسە يوقتۇر. يەر ۋە ئاسمانلار ئارىفنىڭ قەلبىگە نىسبەتەن بىر نۇكتە كەبىدۇر. بۇ جەھەتتىن ئاللا: «يەر ۋە ئاسمانلارغا سىغمىدىم، مۆمىن بەندىنىڭ قەلبىگە سىغدىم»، دەپ ئېيتقان.

-قەلبلەرنىڭ بۈيۈكلىكى ئەسلىدە بىر. لېكىن ئۇلاردىكى مەرىپەتنىڭ بۈيۈكلىكى پەرقلىق...

-بىز خالىساق مۇرتنى جازىبە، خالىساق سۇلۇك يولى بىلەن تەربىيەلەيمىز، بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىدۇر. سۆھبىتىمىزگە كەلگەنلەر ئارىسىدا بەندىلەرنىڭ دىللىدا مۇھەببەت ئۇرۇقى مەۋجۇت. ئەمما دۇنياۋى ئالاقىلەر تۈپەيلى راۋاجلانماي، ئۆسمەي قالغان. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئاشۇ ئالاقىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتۇر. بەزىلەرنىڭ قەلبلىرىدە بولسا، مۇھەببەت ئۇرۇقى يوق. بىزنىڭ ئىشىمىز بۇ قەلبلەردە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى بارلىققا كەلتۈرمەكتۇر.

«تەنبىھۇل - غاپىلىن»، «ھەياتنامە»، «دەلەلۇل - ئاشىقىن»، «ھەدىيەتۇس - سالىكىن»، «سالىكۇل - ئەنۋار»، «رىسالەئى قۇدسىيا»، «رىسالەئى ئۇنسىيا»، «رىسالەتۇل - ۋارىدات»، «رىسالە فى ۋەھدەتۇل - ۋۇجۇد»، «مۇنتەھابات مىن مەكتۇباتىھى»، «ئەۋرادۇل - بەھائىيا» قاتارلىق نەقشىبەندىيە ئىزداشلىرىغا ئائىت ئەسەرلەرنى خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند قەلىمىگە مەنسۇپ، دېگەن قاراشلارمۇ مەۋجۇت. شۇنىڭدەك تەسەۋۋۇپشۇناس سەئىد نەفىسىي باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ تەسەۋۋۇپ روھىدىكى بەزى شېئىرلىرى بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ. لېكىن نەقشىبەندشۇناس نىجات تۈرسۇن مەزكۇر ئەسرلەر ھەمدە نەفىسىي تىلغا ئالغان تەسەۋۋۇپىي شېئىرلار خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندگە تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، يۇقۇرىدا نامىلىرى زىكىر قىلىنغان مەشھۇر تەسەۋۋۇپىي مەنبەلەر خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ ئىزداشلىرىغا، شېئىرلار بولسا جالالىددىن رۇمىي ۋە باشقا مۇتەسەۋۋۇپ ئىجادكارلارغا تېگىشلىكتۇر②.

خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپلەپ مەنبەلەر پۈتۈلگەن. ئۇلاردىن ئەڭ ئاساسلىقلىرى مۇھەممەد پارسانىڭ «رىسالەئى قۇدسىيا» (15 - ئەسىر)، سەلاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ: «ئەنىسۇت - تالىبىن ۋە ئۇددەتۇس - سالىكىن» (14 - ئەسىر)، ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد بۇخارىينىڭ: «رىسالەتۇل - بەھائىيا» (15 - ئەسىر)، ئەبۇلمۇھسىن مۇھەممەد باقىرنىڭ: «مەقاماتى ھەزرىتى خاجەئى نەقشىبەند» (16 - ئەسىر)، سەييىد شەرىف جۇرجانىينىڭ «تەراجىمى خاجە باھائۇددىن نەقشىبەند ۋە خاجە ئالائۇددىن ئەتتار» (15 - ئەسىر)، موللا فەنارىي شەمسىددىننىڭ «رىسالە فى ماناقىبى شەيخ باھائۇددىن نەقشىبەندىي» (15 - ئەسىر)، ئابدۇراھمان جامىينىڭ: «نەفەھاتۇل -

ئۇنس»، «تۇھفەتۇل ـ ئەھرار» (16 ـ ئەسىر)، فەرىدىدىن ئەلى سەفىينىڭ: «رەۋشەھات ئەينۇل ـ ھەيات» (16 ـ ئەسىر)، ئەھمەد ئەكبەر ئابادىينىڭ: «مەقاماتى شاھى نەقشبەندىي» (18 ـ ئەسىر) قاتارلىقلاردۇر.

مۇھەممەد باھائۇددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرىگە يېقىندىن خىزمەت قىلغان، سۆھبەتلىرىدىن ئايرىلمىغان ۋە ئۇنىڭ سۈلۈك تەلىماتىنى داۋام ئەتتۈرگەن كۇيئوغلى ۋە خەلىپىسى، ھەر جەھەتتىن كامالغا يېتىشكەن ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەزرەت باھائۇددىن نەقشبەندنىڭ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىۋاتقان پەيتلىرىدە ‹ياسىن شەرىف› نى ئوقۇۋاتقان ئىدۇق. ئوقۇپ يېرىمىغا كەلگىنىمىزدەئۇستازنىڭ يۈزىدە نۇر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. كەلىمەئى تەۋھىدنى ئېيتىپ جانلىرى ئۈزۈلدى (ئۇ كىشىگە ئالالانىڭ رەھمىتى بولسۇن) . جىنازىسى ئالدىدا تۆۋەندىكى بېيتنى چىرايلىق ئوقۇشىمىزنى ۋەسىيەت قىلغانىدى:

مۇفلىسانىم ئامەدە دەر كويى تۇ،
شەيئەنىللاھ ئەز جەمالى رويى تۇ.

يەنى، سېنىڭ كويۇڭدا جامالىڭدىن: «شەيئەنىللاھ» دەپ تىلىگۈچى گەدالارمىز.

ھەزرەت بەھائۇددىن نەقشبەند 73 ياشتا ھىجرىيە 791 يىلىنىڭ 3 ـ رەبىيئەل ئەۋۋەل ئېيى، دۈشەنبە كېچىسى ۋاپات بولۇپ قەسرى ئارىفانغا دەمنە قىلىندى. قەبرىسى بۇخارايى شەرىفنىڭ ھازىرقى گاگان تومەندە مەشھۇر زىيارەتگاھلاردىندۇر.

«ۋارىسى تەختى تەرىقەت»، «شاھى ئالەم نەقشبەند» ياكى «پىرىمىز سەييىد باھائۇددىن نەقشبەند» قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن خوجا باھائۇددىن نەقشبەند ھەزرەتلىرى ئۆزىدىن كېيىن كۇيئوغلى ۋە خەلىپىسى ئالائۇددىن ئەتتار، يېقىن خەلىپىلىرىدىن مۇھەممەد پارسا، ياقۇپ چەرخىي ۋە ئالائۇددىن غىجدۇۋانىيلارغا شەيخلىق قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن بولسا، مەۋلانا مۇھەممەد فەغنازىي، خوجا مۇساپىر خارەزمىي، سەيفىددىن مەنارىي، سەيفىددىن خۇشخان بۇخارىي، سىراجىددىن كۇلال پىرمەستىي، خۇسرەۋ كەرمنىي، ئابدۇللا خوجەندىي، شەيخ شادىي غەدىۋەتىي، دەرۋىش نىكرۇز، ئەمىر مەھمۇد قەسرى مۇغانىي، ئەمىر ھۈسەيىن قاتارلىق مۇرىتلارنى تەربىيلەپ ۋايىغا يەتكۈزگەن. سىلسىلىنى داۋام ئەتتۈرگەن خەلىپىسى بولسا خوجا ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرىدۇر.

① «باھائۇددىن بالاگەردان»، تاشكەنت، 1993 ـ يىل نەشرى، 59ـ، 60ـ بەتلەر.
② نىجات تۇرسۇن؛ «باھائۇددىن نەقشىبەند: ھاياتى، كارۇسلىرى، تەرىقىتى»، ئىستانبۇل، 2002 يىل نەشرى، 118 ـ بەت.

## خوجا ئالائۇددىن ئەتتار

**تۇغۇلۇشى**: نامەلۇم.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 802 (مىلادىيە 1400) ـ يىلى سۇرخاندەريانىڭ چاغانىيان قىشلىقىدا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى**: ئوتتۇرا بوي، كەڭ يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭ، سىر ساقال زات ئىدى. دائىم كەمتەرلىك ۋە پېقىرانە ھالدا يۈرەتتى. باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرىنىڭ كۈيئوغلى ۋە خەلىپىسىدۇر③. بۇخارانىڭ بەدەۋلەت بىر ئائىلىسىدىن بولسىمۇ، تەبىئىتىدىن پېقىرلىققا مايىل، ئىلىمگە تەشنا ۋە ئەدەپلىك زات ئىدى. بۇخارا مەدرىسىدە زاھىرىي ئىلىملەرنى ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. رىيازەتنى تۈپەيلى تېگىدە ئەسكى بورا، بېشى ئاستىدا قىشتىن ياستۇق ۋە كىتابنى قويۇشقا بىر شىرە بار ئىدى، خالاس.

نەقىل قىلىنىشىچە، ئالائۇددىن ئەتتارنىڭ نەسەبى خارەزملىك مەشھۇر يەسسەۋىيە شەيخى سەييىد ئاتا ۋاستىسىدە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزگە تۇتىشىدۇ. ئالائۇددىن ئەتتار سۆلۈك يولىغا ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا كىرگەن. ئائىلىدىكى بايلىق تەسىرىدە ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان مەغرۇرلۇقنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن پىرى شاھى نەقشىبەند ھەزرەتلىرى ئۇنىڭغا كوچىدا ئالما سېتىشنى بۇيرۇيدۇ. ئالائۇددىن دەسلەپ چەت مەھەللىلەردە، ھېچكىم تونۇمايدىغان جايلاردا ئالما ساتىدۇ، لېكىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرى ئاتايىن ئۇنى ئاكىلىرىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا سېتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئالائۇددىن ئاكىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئالما سېتىشتىن ئەيمىنىدۇ. بىراق خوجا ھەزرەت قاتتىق تەلەپ قىلغاچ، ئالائۇددىن ئالما سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ، ئاكىلىرى سودا قىلىدىغان ئەتتارلىق دۇكىنى ئالدىدا ئالما سېتىشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكىلىرىنىڭ نەپسانىيتى قوزغۇلۇپ، ئالائۇددىننى قاتتىق ھاقارەت قىلىدۇ. قولىدىن سېۋەتنى تارتىۋېلىپ ئۇنى كالتەكلەيدۇ. ئالائۇددىن: «ئۇستازىم ماڭا ‹ئالما سات!› دېدى، مەن سېتىۋېرىمەن، قەيەردە سات، دېگەن بولسا شۇ يەردە ساتىمەن. دۇكىنىڭىز ئالدىدا ۋارقىراپ سېتىۋېرىمەن، قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ، مەن

ئۇستازىمنىڭ بۇيرۇقىنى بىجىرىمەن» دەيدۇ.

ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگىنىدى خوجا ھەزرەت ئۇنىڭ ئۆز نەپسىنى سۇندۇرغىنىنى كۆرۈپ: «ئوغلۇم ئالائۇددىن، ئالما سېتىش تۆگىدى، نەپسىڭنىڭ ئەمەس، ئۇستازىڭنىڭ ئېيتقىنىنى بىجىرىپ توغرا قىلدىڭ. ئاكىلىرىڭنىڭ نەپسىنىڭ خورلانغىنىنى، سېنىڭ نەپسىڭنىڭ بولسا ئېزىلگىنىنى كۆردۇم. بۇنىڭدىن كېيىن سۆھبەتلىرىمىزگە كېلىشەر. ئىلىم ۋە پەزىلىتىنى كامالغا يەتكۈز، جانابىي ھەق مەددەتكارىمىز بولسۇن» دەيدۇ. ئالائۇددىن بىر تەرەپتىن تەھسىل ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خانىقادىكى سۆھبەتلەرگە قاتنىشىپ، مەنىۋىي كامالەت ھاسىل قىلغان.

ئالائۇددىن ئەتتار دۆلەتمەن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ مىراسىدىن ھېچنېمە ئالماي، زاھىدانە ھايات كەچۈرۈشنى داۋام ئەتتۈرىدۇ. ئۇ بالاغەت يېشىغا يەتكەندە بىر كۈنى خوجا ھەزرەتلىرى مەدرىسكە، ئۇنىڭ يېنىغا تەشرىپ بۇيرۇيدۇ. ئالائۇددىن ئەسكى بىر بورىنىڭ ئۈستىدە دەرس ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. خوجا ھەزرەتلىرى: «ئالائۇددىن بالام، ئەگەر قوبۇل قىلساڭ ساڭا بالاغەتكە يەتكەن قىزىمنى نىكاھلاپ بېرەي» دەيدۇ. ئالائۇددىن خىجىل بولۇپ ئەدەپ بىلەن: «ئۇستاز، بۇ تەكلىپ خىزمەتكارىڭىز ئۈچۈن ئۇلۇغ لۇتۇف ۋە سائادەتتۇر. لېكىن ئۆي - جاي، روزغار تەۋرىتىش ئۈچۈن تېرىكچىلىكىم يوققۇ؟» دەيدۇ. خوجا ھەزرەتلىرى: «تەشۋىشلەنمە، ئاللاھنىڭ خەزىنىسى چەكسىز، ئۇنىڭ ئۆزى رىسقىڭنى تەمىنلەپ قويغان. قىزىم ساڭا مۇناسىپ ۋە تەقدىرىڭدە يېزىلغاندۇر. قىنى، ئەمدى ئۆيگە يۈر، سىلەرنى نىكاھلاپ قوياي»، دەيدۇ. بۇ نىكاھدىن دۇنياغا كەلگەن خوجا ھەسەن ئەتتار، خوجا شاھابۇددىن، خوجا مۇبارەك ۋە خوجا ئالائۇددىنلەرنىڭ ھەر بىرى خوجىلىق مەقامىغا يېتىشكەن.

خوجا ئالائۇددىن ئەتتارنىڭ ئۇستازى خوجا باھائۇددىن ھەزرەتلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇپ، ئۇ زاتقا ئىككى جەھەتتىن يېقىن بولغانلىقى سەۋەبلىك خوجا ھەزرەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا بىمالال كىرىپ - چىقاتتى. ئۆمۈرىنى ئۇ زاتقا خىزمەت قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىگە بەخت دەپ ھېسابلايتى.

باھائۇددىن نەقشىبەند ھەزرەتلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىنى تەشكىللەش، سۆزلىرىنى جەملەش، پەرمانلىرىنى بىجىرىش، سەيياھەتلىرىنى ئىدارە ئېتىپ، مۇرىتلارنى باشقۇرۇشتا يۈكسەك قابىلىيەت ساھىبى ئىدى. خوجا ھەزرەتلىرى ھايات ۋاقىتلىرىدىلا بارچە تالىپ ۋە مۇرىتلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيەسىنى ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرىگە تاپشۇرۇپ: «ئالائۇددىن ئەتتار يۈكىمىزنى خېلى يەڭگىللەشتۈردى. ئۇنىڭ بەرەكاتى، سۆھبەتلىرى ۋە گۈزەل تەربىيە تەرزى كۆپلەپ تالىبلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى، قۇربىيەت ۋە كامالەتكە

يەتكۈزدى» دېگەنىكەن.

ئۇستازىغا ئوخشاش ھەنەفىي مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرى ئادەملەرنى ئۆز پىكرىگە قەتئىي ئىشەندۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئاداشقان ئىنسانلارنى توغرا ئېتىقاد، ھەقىقىي مەنىدە جانابى ھەققە ئىمان كەلتۈرۈشلىرىگە سەۋەبچى بولغان.

باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ خەلىپىسى سۈپىتىدە بىر مۇددەت خارەزمدە ئىرشاد ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا كۆرە، ياقۇب چەرخىي خوجا باھائۇددىن نەقشىبەندىتىن ئىرشات ئىجازىتى ئالغان بولسىمۇ، خوجىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئالائۇددىن ئەتتارنىڭ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ ئۆزىنى كامالغا يەتكۈزىدۇ. ياقۇب چەرخىي شاھ نەقشىبەندىتىن ئىرشات ئالغانمۇ، ئالمىغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئالائۇددىن ئەتتاردىن ئىرشات ئالغانلىقى ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئارقىلىق تەستىقلانغان. باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ يەنە بىر يېقىن خەلىپىسى مۇھەممەد پارسامۇ ئالائۇددىن ئەتتارغا ئەگىشىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى «مەقاماتى ئالائۇددىن ئەتتار» رىسالىگە جەملەيدۇ.

ئالائۇددىن ئەتتار ئۇستازى باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ سەيرۇ سۇلۇكىنى داۋام ئەتتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا يېقىن ئۇسۇللارنىمۇ ئىلاۋە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىدە مۇراقەبە ئۇسۇلىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئەتتارنىڭ پىكرىچە مۇراقەبە ئۇسۇلى نەفىي ئىسبات ئۇسۇلىدىن ئەۋزەل ۋە جازىبىگە تېخىمۇ يېقىنراقتۇر. مۇراقەبە ھالىغا كۆنگەندە، زىھىن دائىم بىر نوقتىغا جەملىنىدۇ ۋە نەتىجىدە كۆڭۈللەرنى فەتھ ئېتىش مەقامىغا ئېرىشىلىدۇ. ئەتتار بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن جازىبە بىلەن تالىپلارنى تېزلا قۇربەر مەقامىغا ئېرىشتۈرۈش مۇمكىن، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئۇستازىغا ئوخشاش سۆھبەت ئۇسۇلىغا كاتتا ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى سۆھبەت ئىنساندىكى ئۇخرەۋىي ۋە ئالىي پىكىرلەرنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

ۋاپاتىدىن ئالدىن ئالائۇددىن ئەتتار يېقىن خەلىپىسى ياقۇپ چەرخىيگە يېقىندىكىلەرنى سۆھبەت بىلەن، يىراقتىكىلەرنى بولسا كىتاب ۋاسىتىسىدە تەربىيەلەش لازىملىقىنى ۋەسىيەت قىلىپ، ئىرشات ئېتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرى ھەسەن ئەتتار (ئوغلى)، نىزامىددىن خامۇش، ياقۇب چەرخىي، ھۇسامىددىن پارسا بەلخىي، مەۋلانا ئەبۇ سەئىد، ئابدۇللا ئىمامىي ئىسفەھانىي، شەيخ ئۆمەر ماترۇدىي، مەۋلانا ئەھمەد مەسكە، سەييىد شەرىف جۇرجانىي قاتارلىق خەلىپىلەرنى يېتىشتۈرگەن.

خوجا ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن نەمۇنىلەر:

-بۇ يولغا كىرەلمىگەنلەرنىڭ يولىنى توسۇۋالغان نەرسە ئۇلارنىڭ نەپسىدۇر.

-ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى ئىلمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبى، ئۆزلىرىدىكى جۇزئىي ئىلمىدىن ئۆتەلمىگەنلىكلىرىدۇر. بۇلارنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن بولسا، شەرىئەت ساھىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانلىرىنى ئادا قىلىپ، ھەقنىڭ خاھىشىنى نەپسى خاھىشىدىن ئۈستۈن قويۇش كېرەك.

خوجا ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرى ھىجرىيە 802 - يىلىنىڭ رەجەب ئېيىدا ۋاپات ئەتكەن. «پىشۋايى خەلق شەيخ ئالائۇددىن ئاتتارول - بۇخارىي روپەرى» سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگەن ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرىدىن كېيىن سەرھالقا سىلسىلىسىنى خەلىپىسى خوجا ياقۇب چەرخىي ھەزرەتلىرى داۋام ئەتتۈرگەن④.

---

③ نەقشىنەندىيە تەرىقىتى تەتقىقاتچىسى دوكتۇر نىجات تۈرسۇننىڭ پىكىرىچە، باھائۇددىن نەقشىبەندىنىڭ كۈيئوغلى ئالائۇددىن ئەتتار ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوغلى ھەسەن ئەتتار. (قاراڭ، نىجات تۈرسۇن: «باھائۇددىن نەقشىبەند»، ئىستانبۇل، 2003 - يىل نەشرى، باھائۇددىن نەقشىبەند بۆلۈمى).

④ ياقۇب چەرخىينىڭ قەبرەئى شەرىفى تاجىكىستاندا مەشھۇر زىيارەتگاھدۇر.

## خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار

**تۇغۇلۇشى:** ھىجرىيە 806 (مىلادىيە 1404) - يىلى تاشكەنتنىڭ باغىستان قىشلىقىدا تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 893 (مىلادىيە 1490) - يىلى سەمەرقەنتنىڭ ئۆرگۈت تۈمەنى كەمەنگاران قىشلىقىدا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى:** خوجا ئۇبەيدۇلا ئەھرار كۆرۈنىشى خۇشسۇرەت، بويى ئېگىز، بۇغداي ئۆڭ، ساقىلى ئۇزۇن ۋە ئاپئاق، بىر نەچچە تال قارا ئارلىغان، خۇشپېئىل زات ئىدى. مۇرىت ۋە تالىپلىرىغا ئىلىم - مەرىپەت بىلەن سائادەت بەخش ئېتەتتى. مەزمۇنلۇق سۆھبەتلىرىگە كىشى ئەسلا تويمايتتى. زاھىرىي ۋە باتىنىي ئىلىملەردە بىلىمدان بۇ زاتنىڭ نۇرانە چېھرىسىنى كۆرگەن كىشى ئىختىيارسىز دۇئا قىلىپ، ھەمدۇ - سانا ئېيتاتتى. مەنىلىك سۆزلىرى ۋە ئېيتقان شېئىرلىرى تەرىقەتتە ھۆججەت دەپ قوبۇل قىلىنغان خوجا ئۇبەيدۇللا

ئەھرارنىڭ ئەسلى نەسەبى ھەزرىتى ئۆمەرگە بېرىپ تۇتىشىدۇ.

ئەسلى ئىسمى ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا شاشىي سەمەرقەندىي بولۇپ، «ئۇبەيدۇللا ئەھرار» ياكى «خوجا ئەھرار» (ھۆرلەر شەيخ) نامى بىلەن مەشھۇر. قەلبى دۇنياغا باغلىقلىقتىن ۋە ئىككى ئالەم قايغۇسىدىن فارىغ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق لەقەب بېرىشكەن.

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەزرەتلىرى تۇغۇلغان چاغلىرىدا ئانىسى نىفاستىن پاكلىنىپ، غۇسلى قىلمىغۇچە ئانىسىنى ئەممىگەنىكەن. باللىقىدا شەرىئەت ۋە تەرىقەت قائىدىلىرىگە رىئايە قىلاتتى. بۇ يولدا مەرىپەت ۋە ھەقىقەت ھالىلىرىغا ئېرىشكەن زاتلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. زامانىسىنىڭ قۇتبلىرىدىن بولغان بوۋىسى ئۆمەر باغىستانىي ۋاپاتىدىن ئىلگىرى نەۋرىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ھەققىگە دۇئايى خەير قىلىدۇ. ئۇبەيدۇللا ئەھرارغا مەخسۇس تەۋەججۇھ كۆرسىتىپ، ياتقان جايىدىن قوزغۇلۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، شۇنداق دەيدۇ: «ھەقتائالا ماڭا خۇش خەۋەر بەرگەن. مانا شۇ نەۋرەم يېقىن كۆلەردە شەرىئەت بايرىقىنى يېتەكچىسى، تەرىقەت يولباشچىسى، مەرىپەت مەئدەنى، ھەقىقەت پېشۋاسى مەقاملىرىغا يېتىشىپ، ئۆز دەۋرى ۋە كېلەچىكىنى پارلاق مەشئەل بىلەن مۇنەۋۋەر ئەتكۈسىدۇر. خوجاگان يولىنىڭ خۇسۇسىيىتى زورمۇ - زور ئەمەس، بەلكى چىن كۆڭلىدىن ھەققە يۈنەلمەكتۇر. بۇ ئاساسنى بىلىپ - چۈشەنمەك خوجا ئابدۇلخالىق غىجدۇۋانىي ھەزرەتلىرىنىڭ سىلسىلىسىگە خاستۇر. ئۇنىڭ يولىدىكىلەر ئون بىر قائىدىگە بىنائەن نەپەسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، تەقۋاغا نىھايەتتە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ».

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار يىگىرمە ئىككى يېشىدا تاغىسى خوجا ئىبراھىمنىڭ تەشۋىقى بىلەن ئىلىم تەھسىلى ئۈچۈن سەمەرقەنتكە يول ئالىدۇ. ئىككى يىللىق تەلىم - تەھسىل داۋامىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھرار زامانىسىنىڭ مەشايىخلىرىدىن سەئىدىددىن كاشغەرىي، سەييىد قاسىم ئەنۋار تەبرىزىي، نىزامىددىن خامۇش، خوجا سىراجىددىن پىرى چەشتىي، مەۋلانا ھۇسامىددىن شاشىي، خوجا ئالائۇددىن غىجدۇۋانىي، مەۋلانا ھۇسامىددىن پارسا بەلخىي، سىراجىددىن كۇلال پىرمەسىي، باھائۇددىن ئۆمەر، زەيندىددىن خەۋافىي، دەرۋىش ئەھمەد قاتارلىق يېتۈك مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، ئىلىم - مەرىپەت سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمان بولىدۇ.

خوجا ئەھرار بىر كۈنى چۈشىدە ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرىدۇ. باشقىلار بۇ چۈشنى تىبابەت ئىلمىگە تەبىرلىسە، خوجا ئەھرارنىڭ ئۆزى بۇ چۈشنى ئۆلۈك قەلبلەرنى جانلاندۇرۇش مەنىسىدە تەبىرلەيدۇ.

كېچىلىرى قەبرىستانلىقلارنى زىيارەت قىلاتتى. ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ، بولۇپمۇ، ئەبۇ

قەففال شاشىي ۋە شەيخ خاۋەند تەھۇرىدىن پەيز ئالاتتى.
مەنا ئالىمىدە خوجا ئالائۇددىن غىجدۇۋانىي كەبى مۇرشىدى كامىلدىن ئىرشات ھوقۇقىنى ئالدۇ. پىرى كاملى ياقۇب چەرخىي ھوزۇرىدا ئۈچ ئاي خىزمەت قىلىپ، سەيرۇ سۈلۈكنى ئادا ئېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىزنى ـ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن بۇخارا ۋە ئەتراپىتىكى شەھەرلەردىن شاھى نەقشىبەند ھەزرەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن خەلىپىلىرى سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىدۇ، مەنىۋىي پەيزلەرگە كۆمۈلىدۇ. يىگىرمە توققۇز يېشىدا ۋەتىنى تاشكەنتكە قايتىدۇ.
ياقۇب چەرخىينىڭ خەلىپىسى سۈپىتىدە ئۆزىدىكى مەنىۋىي قۇدرەت بىلەن خەلقنى ئىرشات قىلىشقا كىرىشىدۇ. بىر تەرەپتىن ھالال رىسىق ئۈچۈن دىھقانچىلىق قىلىدۇ. مال ۋە دۆلەت ساھىبىغا ئايلىنىدۇ. بىھىساب زاكات ۋە ئۆشرە ئايرىيدۇ. (دائىم) «پايدىمىز ئېھسانىمىز تۈپەيلىدىندۇر» دەيتتى.
خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپىتى، پەيزلىك سۆھبەتلىرى بارچىنى مەستۇ ـ ھەيران قىلاتتى. مىسال ئۈچۈن رابىتەئى مۇرشىت ھەققىدىكى تۆۋەندىكى بېيتىنى كەلتۈرىمىز:

سەيئى ئېتىپ، ئەربابى دىل كۆڭلىندە، ئەي دىل ئەيلە يار،
ئەقىل گەير ئەندىشەگۇ، كەل بەزمى ۋەسلى يارگە كەل...

زاھىرىي ئۇزاقلىق مەنىۋىي يېقىنلىققا مانىلىك قىلمايدۇ. رابىتە بىلەن ھەر لەھزە بىرگە بولۇشى مۇمكىن:

يىنىڭدىن كەتسەم، مېھرىلىك ئەي جان، سىنەدىن كەتمەس،
ئاياغىڭ تۇفراغى ھەققى كۆڭلى سەۋدانى تەرك ئەتمەس.

پەرۋەردىگارغا تەزەررۇئ ۋە نىيازدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچىلەرگە «يارىڭ سېنىڭ يېنىڭدىدۇر، بىھۇدە پەرياد ئەيلىمە!» دىسە، بەسرەت ۋە پاراسەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئادەمنى بىر كۆرمەكتۇر، قالغىنى پوست،
كۆرمەك ئۇلدۇركىم. كۆرگەي دىدارى دوست...
نا مەھرەمگە قارىماسلىق خۇسۇسىدا نەسىھەت قىلىدۇ:

ئاشىق كۆزىنىڭ پاسىبانىدۇر، چەئىشى نىگار،
نامەھرەم نەزەرىدىن ساقلا كۆزۈڭ ئەي دىلى زار...⑤

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى:

-ھەددىدىن زىيادە ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىق دىماغ - ئەقلىنى چارچىتىدۇ. ھەقىقەتلەرنى ۋە نازۇكلۇقلارنى مۇلاھىزە قىلىشتىن چالغىتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن رىيازەت ئەھلىنىڭ كەشپىدە خاتا ۋەقە بولۇشى مۇمكىن. پاراغەت ۋە سۇرۇر تەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ. مىقدارىدا ئۇخلىغان ئادەم دىماغ - ئەقلىنى خاتادىن ساقلايدۇ. ئىبادەت ئىلاھى پەرمانلارنى ئادا ئېتىش، ئۆز ئورنىدا ئەمەل قىلىش، قايتۇرغانلاردىن ساقلىنىشتۇر. ئۇبۇدىيات - ھەق تائالاغا دائىمىي تەۋەججۇھ ۋە ئىقبالدۇر. ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن مەقسەت - ئاللاھقا بەندىلىكتۇر. بۇنىڭ ماھىيىتى بولسا، ھەر قانداق ئىشتا ھەقتىن تەزەررۇئ ۋە ھۇزۇئ سۈپىتى بىلەن ئاگاھ بولۇشتۇر.
خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار رىيانى ياقتۇرمايتى. ئۆزىنى گويا كى مەرتىۋىلىك كۆرسەتمەكچى بولغانلارغا: «رىياغا بېرىلمەڭ، بىزدىن رىياسىزلارنى تىلەپ ئېتىشمەكتە» دەيتى. خىلۋەت جايلاردا گۇناھ سادىر قىلماقچى بولغان مۇرىتلارغا رۇھانىي ھىممەت كۆرسىتىپ، ئوچۇق - ئاشكارا ئاگاھلاندۇراتتى. بىر كۈنى نامەھرەم ئايالغا قارىغان مۇرىتىغا: «نىمە قىلىۋاتىسەن؟» دىگەن غايىبتىن نىدا كېلىدۇ. كېيىن ئۇنى كۆرگىنىدە: «ئاللانىڭ يارىدىمى بولمىغىنىدا، نەپسىڭ سېنى رەسۋا قىلاتتى» دېگەن. بىر نەچچە شاراب ئىچمەكچى بولغان مۇرىتىنىڭ شىشىسىنى سۇندۇرىۋېتىدۇ، كۈندۈزى ئۇچراشقىنىدا: «ئەگەر ئۇ شىشە سۇنمىغىنىدا ئىدى، بىزنىڭ دىلىمىز سۇنغان بولاتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىمىزنى ھېچقاچان كۆرەلمەيتۇق» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇرىتلىرى چىن كۆڭلىدىن تۆۋە قىلىدۇ ۋە نىجات تاپىدۇ.
خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار كۆپىنچە مۇنداق تەكىتلەيتى: «بۇ تەرىقەتتى ئالىيى نەقشىبەندىيە ھەقىقەت يولىدۇر. ھەقنى ھەقىقى بىلەن ئىدراك قىلىش، ئۇنىڭغا تۇگەل مەنىدە ئىمان كەلتۈرۈش، بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋە قايتۇرغانلىرىدىن قايتىش يولىدۇر. خاھى خىلۋەتتە، خاھى جامائەتتە بولسۇن بۇ تەلەپلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. يالغۇز قالغاندا ئەيىب - گۇناھ قىلغان ۋە مەھسىيەتتىن قايتمىغان كىشى بۇ يولغا مەنسۇپ ئەمەس. گۇناھى كەبىرە قىلغۇچىلار ھەقىقىي ئىسلامىيەتتىن يىراقلاشقان بولىدۇ. يولىمىز سالىكلىرى بۇ نوقتىلارغا قاتتىق ئېتىبار بەرگەن. ئىمتىياز - روخسەتلەر بىلەن ئەمەس،

بەلكى ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئەمەل قىلغانلار ۋە خەۋپ - خەتەر ئارىسىدا تىتىرىگەنلەر. بۇ يولغا ھەزل ۋە لاقەيدىلىك بىلەن ياكى زەررىچە بولسىمۇ يامان نىيەت بىلەن مۇئامىلە كۆرسىتىلمەيدۇ. يوشۇرۇن قىلغان گۇناھنى خەلق كۆرمىسە خالىق (ئاللا) كۆرۈدۇ. خالىقنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغىنىنى بىلگەن مۆمىن گۇناھ قىلمايدۇ. خالىق كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلىسا، ئۇ مۆمىن ئەمەس. ئېپەت - نۇمۇس ۋە ھارام ماۋزۇلاردا مۆمىنلەر ھەرقاچان ھۇشيار بولۇشلىرى كېرەك. كىشى ئۆزىنى، جۈپتىنى، دوستىنى نازارەت قىلىپ تۇرمىقى لازىم. بىرەر نوقسان كۆرسە، نەسىھەت قىلىشى ۋە نەسىھەتنى دائىم داۋام ئەتتۈرىشى كېرەك. نەسىھەتكە ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈش كېرەك. ئىسلامىي ئاساسلارغا ۋە بۇ تەرىقەتتىكى ئالىيە ئەدەپكە خالىسانە رىئايە قىلماستىن، ھەق سىرىغا، زەۋقىگە ۋە تەۋفىقىگە ئېرىشەلمىگەنلەرنىڭ ئەبەدىي سائادەتتىن نېسىۋىلىرى يوق. بۇ يول - ئىخلاس، ئېھسان، ئىستىقامەت ۋە ئەدەپ يولىدۇر».

خوجا ئەھرار ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ كۆپلىگەن شەھەر - قىشلاقلىرىنى كېزىدۇ. ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ.

خوجا ئەھرار بىر كۈنى چۈشىدە دىن راۋاجىغا زور ھەسسە قوشقانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ ياردىمىسىز ئاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ مەقسەتتە مىرزا ئەبدۇللاھ بىلەن ئۇچراشماقچى بولىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەختتىكە چىققان سۇلتان ئەبۇ سەئىد 1432 - يىلى خوجا ئەھرارنى تاشكەنتتىن سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىپ جايلاشتۇرىدۇ.

رۇۋايەتلەردە كەلتۈرلىشىچە، ئوسمانلى سۇلتانى فاتىھ سۇلتان مۇھەممەد (1451 - 1481) دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىۋاتقىنىدا، ئاق ئات مىنگەن خوجا ئەھرار جەڭ مەيدانىدا پەيدا بولۇپ، ئوسمانلى لەشكەرلىرىگە ياردەم قولىنى سوزۇپ، ئۇلارنىڭ غەلبە قازىنىشلىرىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان ئىكەن. شۇندىن كېيىن غالىب فاتىھ سۇلتان خوجا ئەھرارغا ھەدىيە سۈپىتىدە پۇل ئەۋەتىپتۇ. خوجا ئەھرار بۇ پۇلنى قارشى كۆۋرۈكىنى سېلىشقا سەرپ قىلغان ئىكەن. بۇ ۋەقە خوجا ئەھرارنىڭ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىمۇ قۇتبۇل - ئەۋلىيا سۈپىتىدە مەشھۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خوجا ئەھرار ماۋارەئۇننەھر ۋە خۇراسان ھۆكۈمدارى ئەبۇ سەئىدتىن خەلقنى ئېغىر ئەھۋالغا سالغۇچى ۋە شەرىئەتكە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان «تامغا» دېگەن سودا سېلىغىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەبۇ سەئىد خەلق ۋە سەلتەنەتتە زور ئابرۇيغا ئىگە بولغان خوجا ئەھرارنىڭ سۆزىنى ئىككى قىلمايدۇ.

ئومۇمەن خوجا ئەھرار ھۆكۈمدارلار دائىرىسىدە ئابرۇيى - ئىتىبار ۋە ئىشەنچ قازانغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، خوجا ئەھرار ئۆزىنىڭ ئادىلانە مەسلىھەتلىرى، سۆلھىگە ئۈندىگۈچى مەكتۇبلىرى ئارقىلىق شاھزادە ۋە مىرزىلارنى ياراشتۇرۇپ، مەملىكەتنىكى كۆپلىگەن قانلىق ئۇرۇشلار، ئىچكى زىددىيەت ۋە نىزالارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزى ھۆكۈمدارلار، خۇسۇسەن ئەبۇ سەئىد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن سۇلتان ئەھمەد ۋە سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىلار خوجا ئەھرارنىڭ ئېتىگىنى تۇتۇپ مۇرىت بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ياخشى مەسلىھەتلىرىگە كۆنمىگەنلەر بولسا، ئەلۋەتتە خۇدانىڭ غەزىپىگە ۋە خەلقنىڭ قارغىشىغا دۇچار بولاتتى.

شاھرۇخىيەنى قامال قىلىپ، تېۋەرەگىنى تالان - تاراج قىلغان بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك موغۇل لەشكىرى خوجا ئەھرارنىڭ دەۋتى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، بۇلىغان مال - مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرغان.

مەملىكەتنىڭ تىنچلىق - خاتىرجەملىكىنى ساقلاشتا پائال ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن خوجا ئەھرار ھەجگە بېرىشقا ئىمكان تاپالمايدۇ.

پادىشاھلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقىنىنىڭ سەۋەبى خەلقنى ھۆكۈمدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈندۇر.

خوجا ئەھرارنىڭ تارىخىي خىزمەتلىرى ئاساسلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ خەلق، مەملىكەت، دىن ۋە يۇرت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلىم - مەرىپىتى ۋە مال - مۈلۈكى بىلەن خىزمەت قىلغان يېرىك تارىخىي شەخستۇر.

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ۋەلىيدىن بىزگە قەدەر ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان «فىقەرات»، «رىسالەئى ھەۋرائىيا»، «رىسالەئى ۋالىدىيا»، «رۇقەئات» («مۇرەسسەلات») قاتارلىق ئەسەرلىرى يېتىپ كەلگەن.

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەققىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەردە مەلۇماتلار مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ كۆپى خەلپىلىرى ۋە مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەمىر ئەبدۇلەۋۋەلنىڭ «مەسمۇئات»، مۇھەممەد قازى سەمەرقەندىينىڭ «سىلسىلەتۇل - ئارىفىن ۋە تەزكىرەتۇس - سىددىقىن» فەخرىددىن ئەلى سەفىينىڭ خوجا ئەھرارغا مەخسۇس بېغىشلاپ يازغان «رەشەھات ئەينۇل - ھەيات»، مەۋلانا شەيخنىڭ «مەناقىبى خاجە ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار»، مۇھەممەد ئەمىن كەركىينىڭ «مەلفۇزاتى ئەھرار» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

15 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن يەسسەۋىيە شەيخى ۋە ئەدىبى سۇلتان ئەھمەد

ھەزىنىي ئۆزىنىڭ «جەۋاھىرۇل - ئەبرار» ئەسىرىدە باشقا كۆپلىگەن ماشايىخلار قاتارى خوجا ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە خوجا ئەھرار ھىسار ۋىلايىتىدە ياقۇب چەرخىيدىن سەيرۇ سۇلۇك سىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، نەقشبەندىيەلىك سۇلۇكى ئۇنىڭ بىلەن راۋاج تاپقان. ئۇنىڭ سىلسىلىسىدىكى نىسبىتى تۆپەيلى مەخپىي زىكرىنىڭ قىممىتى تېخىمۇ ئاشقان. خوجا ئەھرارنىڭ تەرىقەتتىكى نەقشى - نەقشبەندىيلەرنىڭ يولىدۇر.

شۇنىڭدەك مۇئەللىپ زىكرى ئەررەدىن باشقا تەرىقەت ۋەكىللىرى قاتارى خوجا ئەھرارنىڭمۇ بۇ زىكىر تۈرگە مەيتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ « ئاللاھۇ زۇلجەلال بۇلبۇللارنىڭ بىلگۈچىسى، ھەققە ۋاسىل بولۇش بېغىنىڭ خاجە ئەھرارى، (يەسسەۋىي شەيخى) ئىقانىيگە دېدىكى: ‹بىر بۇلبۇل كەبى بىز ئۇچۈن كۆڭۈلدىن ئەررە زىكرى بەجا ئەيلە!› ئىقانىي بۇ ئەررە زىكرىنى باشلىغاندا خوجا ئەھرار دېدىكى: ‹كۆڭلۈمىزنى ياندۇردۇڭ، بۇ زىكىر ئاتەشى بىلەن جانىمىزنى ياقتىڭ›. خوجا ئەھرارنىڭ بۇ سەمىمىي ئىتىراپىدىن ئىلھاملانغان مۇئەللىپ مۇنداق يازىدۇ: ‹دەرھەقىقەت، بۇ ئاتەشتەك زىكىر تۈپراقتىن ئالەمنى يۈكسەلتتى. ئۇنىڭ سەما ساداسى ۋە چاقمىغى تا ئەرش ئۈستىگە يېتىپ باردى. كۆڭۈلدە بۇ سەمائ قۇشقۇنلۇق بولمىغان ھەر كىم ئەررە زىكرىنىڭ نېمىلىكىنى قەيەردىن بىلسۇن؟›».

«جەۋاھىرۇل - ئەبرار» دىن ئورۇن ئالغان خوجا ئەھرارنىڭ: «ھەر سەھەر ۋە كەچتە قۇلىقىمغا زەنگى ئاتىنىڭ مازىرى - تۈپرىقىدىن ‹ئاللا› زىكرى - پەريادىنىڭ ئاسمانغا ئۆرلىشى ئاڭلىنىدۇ» دېگەندەك سۆزلىرى، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ يەسسەۋىيە ئىزدىشى شەيخ خادىم بىلەن دوست بولۇپ، كىچە - كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خوجا ئەھرارنىڭ يەسسەۋىي شەيخلىرى بىلەن نەقەدەر سەمىمىي ۋە دوستانە مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خوجا ئەھرار ئىسلامنىڭ ئەمىر ۋە تەئقىلىرىگە ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدە رىئايە قىلىدىغان سوپى ئىدى: «تەسەۋۋۇپ يولىدا ئىلگىرلەش پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ئارقىلىقلا رۇيابقا چىقىدۇ» دېگەن مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە ئىدى. خوجاگان ئۇلۇغى شەرىئەت روخسەت بەرگەن ئىمتىيازلار ئەمەس، بەلكى ھەممەت كۆرسىتىپ ئەزىمەت قىلىشى ۋە تەقۋا يولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

خوجا ئەھرار ئادەملەرگە، بولۇپمۇ پېقىر - مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرۈدىغان، قولى ئوچۇق، ساخاۋەتلىك ئىنسان ئىدى. ياشلىقىدا بىمارلارغا قارايتى، ئۆلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىرى يۇقسىمۇ خىزمىتىنى ئەسلا توختاتمايتى. ھېراتقا كەلگەن

چىغىدا ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىپ، كۆڭلىنى ئېلىش، مۇھەببىتىنى قازىنىش نەپلى ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل»، دېگەن پىكىردە ئىدى. خەلق مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ۋەقف ئەسەرلەر يېزىپ، ئۆز دەرامىتى ھېسابىدىن مەسچىت ـ مەدرىسلەر، يول ۋە كۆۋرۈكلەر قۇردۇرغان ئىدى. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى دۆلەت تەرىپىدىن مىھنەتكەش خەلققە سېلىنغان سېلىغلارنى ئارتۇقى بىلەن دۆلەت خەزىنىسىگە تۆلىۋېتەتتى. خوجا ئەھرار تەسەۋۋۇپ ھەقىقىتىنى چۇڭقۇر مۇلاھىزە قىلغۇچى، ھەق پەرەس بىر ئارىف زات ئىكەنلىكى ئۈچۈنمۇ: «تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى گۈزەل بايان ئەتكۈچى بىر غەيرى دىن چىندا (ئىچكىرى جۇڭگو) بولسىمۇ ئەلۋەتتە بېرىپ ئۇنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىغان بولاتتىم»، دەپ ئېيتقان.

خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەزرەتلىرى سەمەرقەنتنىڭ ھازىرقى ئۆرگۈت تۇمەنىدىكى كەمانگەران قىشلىقىدا ھىجرىيە 895 (مىلادىيە 1490) ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئۇزاق داۋام ئەتكەن خەستىلىك سەۋەبىدىن 86 يېشىدا ۋاپات بولغان. خوجا كەفشىر (كەفشى) مەھەللىسىگە دەپنە قىلىنغان.

سىلسىلىدە ئامانەتنى ياقۇب چەرخىي ھەزرەتلىرىدىن ئالغان، رۇھىي جەھەتتىن خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي، خوجا باھائۇددىن نەقشىبەند ۋە خوجا ئالائۇددىن ئەتتار ھەزرەتلىرىدىن پەيز ئالغان خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەزرەتلىرى مۇھەممەد زاھىد، مۇھەممەد ئەبدۇللاھ خاجەگىي (ئوغلى) مۇھەممەد قازى كەبى خەلىپىلىرىگە ئىجازەت بەرگەن. مىر ئەبدۇلەۋۋەل، فەخرىددىن ئەلى ئىبنى ھۇسەين، مەۋلانا شەيخ، سەييىد ئەلى كۇردىي مەقتۇل، ئىسمائىل شىرۋانىي مەۋلانازادە ئوترارىي، ئىسايى فازىل بۇخارىي، شەيخ ئەختا قاتارلىق ئىلغار مۇرىتلارنى تەربىيەلىگەن. سەرھالقا سىلسىلىسىنى مۇھەممەد زاھىد⑥داۋام ئەتتۈرگەن. ئۇ كىشى بولسا سەرھالقا سىلسىلىدە خەلىپىلىك ئىجازىتىنى دەرۋىش مۇھەممەدكە تاپشۇرغان.

---

⑤ ئەسلى پارسچە بولغان بېيتلارنىڭ تەرجىمىسى بېرىلدى.

⑥ مۇھەممەد زاھىدنىڭ قەبرەئى مۇبارەكلىرى تاجىكىستاننىڭ بەدەخشان ۋىلايىتىدە.

## دەرۋىش مۇھەممەد

**تۇغۇلۇشى:** ؟⑦

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 970 (مىلادىيە 1562) ـ يىلى دەسفەرار (ئەسفىرا⑧) دا ۋاپات بولغان.

**قىياپىتى:** ئوتتۇرا بويى، گۈزەل يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭ، ئاق ساقال، قەددى ـ قامىتى

كېلىشكەن ئىدى. زاھىرىي ۋە باتىنىي ئىلىملەردە مۇكەممەل، ۋەلىي زات، مۇرىتلارنى تەربىيە ۋە ئىرشات قىلىشتا پەۋقۇلئادە بىر تالانت ئىگىسى ئىدى. ھەممە چۈشىنىدىغان تىلدا سۆزلەيتى. سەۋىيىسىگە كۆرە مۇئامىلە قىلاتتى. پەزىلەتلىرىنى ئىنقىلاپ، قابىلىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يۈزگە چىقىرىشتا ماھارەتلىك، بۇ خۇسۇستا ئۇلۇغ بىر پەزىلەتكە ئىگە ئىدى. جازبە ۋە ئىستىغراقى سەھۋۇ تەمكىنىگە غالىپ، پىنھانە يۈرۈشنى خالايدىغان بىر كۆڭۈل ئەرەنى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد، دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد زاھىدنىڭ جىيەنى بولغان دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ نەسلى - نەسەبى ھەزرىتى ئۆمەرگە تۇتىشىدۇ.

ياشلىقىدا ئۇن بەش يىلنى زۇھدۇ رىيازەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاچ ۋە بىدار ھالدا خارابىلەردە زىكىر ۋە پىكىر بىلەن مەشغۇل بولغان. بىر كۈنى ئاچ قېلىپ ئامالسىزلىقتىن ئاسمانغان قارايدۇ، دەرھال خىزىر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «ئەگەر سەۋر ۋە قانائەت قىلىشنى خالىساڭ، خوجا مۇھەممەد زاھىد ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە بار، ساڭا تەلىم بېرىدۇ» دەۋدۇ. دەرۋىش مۇھەممەد دەرھال تاغىسى مۇھەممەد زاھىد ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ ۋە سەيرۇ سۇلۇكنى تاماملاپ خەلىپىلىرىنىڭ بۈيۈكلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

دىنى ئىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن دەرۋىش مۇھەممەد تالىبى ئىلىملەرگە قۇرئان ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدىن ھەمدە باشقا دىنى ئەھكاملاردىن تەلىم بېرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، كۇبراۋىيە شەيخلىرىدىن نۇرىددىن مۇھەممەد خافىي شەھرىسەبزگە كەلگەندە دەرۋىش مۇھەممەد ئۇنىڭ زىيارىتىگە بارىدۇ. شەيخ نۇرىددىن مۇھەممەد غايىبى ئىلمى ئارقىلىق دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭ بۈيۈك مۇرشىتلىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە مەھەلە ئەھلىگە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ ئابرۇيى - ئېتىبارى ئېشىپ، ئەتراپىدا سۆھبەت ھالقىلىرى تەشكىل بولۇشقا باشلايدۇ.

دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ يەنە بىر كۇبراۋىيە شەيخى كامالىددىن ھۇسەيىن خارەزمىي (ۋاپاتى مىلادىيە 1551 - يىلى) بىلەن ئۇچراشقانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ. كۆپلىگەن ئالىملار قاتارى شەيخ ئەمىر ئەلى ئەزىزان ھىرەۋىي (ۋاپاتا مىلادىيە 1601 - 1602 -يىلى) دېگەن نەقشبەندىيە شەيخمۇ دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ سۆھبەتلىرىدىن پەيز ئالىدۇ. «رىسالە دەر - سۇلۇك»، «رىسالەئى ھۇش دەر - دەم» كەبى ئەسەرلەر دەرۋىش مۇھەممەدكە نىسبەت بېرىلىدۇ. دەرۋىش مۇھەممەد «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەرەبىينىڭ تەسەۋۋۇپىي - پەلسەپىۋى پىكىر - قاراشلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن

ۋە شۇ تەسىر نەتىجىسىدە بىر رىسالە يازغان، دېگەن قاراش بار.

«خوجاگان سەر دەفتەرى» دەپ ناملانغان دەرۋىش مۇھەممەد ئۆزىدىن كېيىن پەرزەنتى خاجەگى مۇھەممەد ئىمكەنەگىي ھەزرەتلىرىگە، شۇنىڭدەك خوجا مىرەك گۇنبەدى سەبزىي، خوجا مۇھەممەد رىزا، مەۋلانا شىر مۇھەممەد، شەيخ سەلاتى كەبى يېتۈك خەلىپىلىرىگە ئىرشات بېرىپ شەيخلىق قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن.

---

⑦ مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد ھەزرەتلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھازىرچە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن مەنبەلەردە ئۇ زاتنىڭ شەھرىسەبزىي ـ ئىمكەنەگىي نىسبەسى بىلەن تىلغا ئېلىنىشى كىتاب ياكى شەھرىسەبز تۇمەنىدە تۇغۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ (قاراڭ: «نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئائىت قولىيازمىلار فىخرىستى»، تاشكەنت، 1993 ـ يىل نەشرى، 64 ـ بەت) .

⑧ دەسفەرار ـ خوقەئىسپەراز بولۇشى كېرەك. دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ قەبرىسى قەشقەدەريا ۋىلايىتى،كىتاب تۇمەنىنىڭ خوجەئىسپەراز قىشلىقىدا. ھازىر بۇ قىشلاقنى خوجائى ئىسفەراز، دەپ ئاتايدۇ. بۇ قىشلاقتىن سۈيى شىپابەش ئاق دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەدنىڭ قەبرىسى دەريا لېۋىدە (قاراڭ: غالىب ھاشىموۋ: «نەقشىبەند مەشايىخلىرى»، «ياشلىق» ژورنىلى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان. 57ـ، 62ـ بەتلەر.

## خاجەگي مۇھەممەد ئىمكەنەگي

**تۇغۇلۇشى:** ھىجرىيە 918 (مىلادىيە 1512) ـ يىلى قەشقەدەريا ۋىلايىتى⑨، كىتاب تۇمەنى ئىمكەنەك قىشلىقىدا تۇغۇلغان.

**ۋاپاتى:** ھىجرىيە 1008 (مىلادىيە 1600) ـ يىلى قەشقەدەريا ۋىلايىتى، كىتاب تۇمەنى ئىمكەنەك قىشلىقىدا ۋاپات بولغان

**قىياپىتى:** بۇغداي ئۆڭ، يۈزى نۇرلۇق، سېرىق ساقال، دېڭىزدەك پەيزگە تولغان زات ئىدى. ئاتىسى دەرۋىش مۇھەممەد ھەزرەتلىرىنىڭ باش خەلىپىسى بولۇپ، ئابىد، زاھىد ۋە كارامەتلىرى كۆپ ئىدى، سىرنى يوشۇراتتى. باتىنىي ئىلىملەردىن تەلىمنى سەمەرقەنت ۋە بۇخارادا ئالدى. تەسەۋۋۇپى تەربىيەنى ئاتىسى دەرۋىش مۇھەممەد ھەزرەتلىرىدىن ئۆگەندى. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىسى سۈپىتىدە خەلقنى ئىرشات

قىلىشقا باشلىدى. ئاشۇ دەۋر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئابدۇللاخان بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇللاخان بىر چۈش كۆرۈپتۇ، ئۇ چۈشىدە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ. ئىشىك ئالدىدا بىر مۆھتەرەم زات ئىچكىرىگە كىرىپ ـ چىقىپ تاشقىردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر كەلتۈرەتتى. بىر مۇددەت ئۆتكەندە ئۇ زات ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن بىر قىلىچنى ئېلىپ چىقىپ ئابدۇللاخاننىڭ بېلىگە باغلايدۇ؛ خان ئويغىنىپ بۇ زاتنى ئىزدەشكە چۈشىدۇ ۋە بۇ زاتنى ناھايىتمۇ تەستە تاپىدۇ. ئۇ زات خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىي ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىينىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتىگە كىرمىگەن كېيىنكى شەيبانىي ھۆكۈمدارى سەمەرقەنت تەختى ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىي ئاشۇ دەۋردە باشقا يەرلىك ھۆكۈمدارلار بىلەنمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاپ تۇرغان.

نەقىل قىلىنىشىچە، ئۈچ نەپەر مەدرىس تالىپى خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىينى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار شەيخنىڭ كارامىتىنى سىنىماق ئۈچۈن ئۈچى ئۈچ خىل نەرسىنى شەيخ تەرىپىدىن رويابقا چىقىرىلىشىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىي ھوزۇرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ شەرئىي ئىستەكلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى، لېكىن ئۈچىنچىسى ئارزۇ قىلغان ناشەرئىي تەلەپنىڭ رويابقا چىقمىغىنىنى كۆرۈشىدۇ. شۇندا خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىي: «دەرۋىشلەر دەرۋىشلىك مەرتىۋىسىگە مەنىۋىي ھال ۋە كارامەتلەرگە، دىنى قانۇن ـ قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئېرىشكەن. ئۇلاردىن ناشەرئىي نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. شەرئەتكە مۇۋاپىق بولسىمۇ ئىمتاھان قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ ھوزۇرىغا بېرىش توغرا ئەمەس»، دەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن شەرئەت قائىدىلىرىگەقاتتىق رىئايە قىلىشنى ئىسپاتلايدۇ.

مەختۇم ئەزەم ئەھمەد كاسانىينىڭ سۆھبەتلىرىگىمۇ قاتناشقانلىقى نەقىل ئېيتىلگەن خاجەگىي مۇھەممەد ئېمكەنەگىي ئۆز ئىلمىي مەجلىسلىرىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزەتتى. بولۇپمۇ ھەدىس دەرسلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. مېھمان دوست، تەقۋادار زات ئىدى. ئىنسانلاردىن ھالىنى يوشۇراتتى. ھەقىقەتنى سىغىناتتى. دائىم نەپسىنى نازارەت قىلاتتى. ئالالانىڭ مەرپەتلىك سىرلىرىنى كەشپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

ئىشى ۋە ھاياتى تەرتىپلىك، ئاندىن تۇغما دەرۋىش ئىدى. يېنىدىكىلەر ئۇنىڭ

سايىسىدا پەيزگە غەرق بولۇشاتتى. ھىجرىيە 1008 - يىلى ئىمكەنەگىدە ۋاپات بولدى. قەبرىسى شۇ قىشلاقتا مەشھۇر زىيارەتگاھدۇر.

ئەسلى رۇملۇق بولغان ھاجى خەيرىددىن رۇمىي خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىنىڭ چۇشىدە كۆرۈپ رۇمدىن ماۋارەئۇننەھرگە كېلىدۇ ۋە خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىي سۆھبەتلىرىدە كامال تېپىپ، ئۇنىڭدىن خەلىپىلىك ئىزنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ ۋە خەلقنى ئىرشات قىلىدۇ.

خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىي خەلىپىسى مۇھەممەد باقىيغا: «ھىندىستاندىن بىر ئىمام كېلىدۇ ۋە دەۋرىنىڭ مەنىۋىي پىشۋاسى بولىدۇ. ھەق تائالا سەن ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆز ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ، دەرھال ئالدىغا بار. چۈنكى ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرى ئۇنىڭ كېلىشىگە مۇنتەزىردۇر»، دېيدۇ. مۇھەممەد باقىي شۇ ھامان ھىندىستانغا يول ئالىدۇ. ھەقىقەتەن كېيىنكى مىڭ يىلدا دىننى يېڭىلىغۇچى (مۇجەددىد) بولغان مۇھەممەد فارۇق (ئىمام رەببانىي) ئۇنىڭغا مۇرىت بولىدۇ ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئالەمىدە يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ.

«پۇركەرەم» دەپ سۈپەتلەنگەن خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىي ئۆزىدىن كېيىن خوجا مۇھەممەد باقىي (باقىبىللاھ)، خوجا ئەبۇلقاسىم (ياكى مۇھەممەد قاسىم، ئوغلى)، مۇھەممەد سابىر، خوجا ئەھمەد، مۇھەممەد سەئىد، ھاجى ئابدۇلئەزىز، ھاجى خەيرىددىن رۇمىي، مەۋلانا سوپى ئەلى ئابادىي، خوجا لەتىف كەندىبادامىي، مۇھەممەد فازىل بەدەخشىي، ياقۇب سەرفىي كەشمىرىي كەبى خەلىپىلىرىگە ئىرشات بېرىپ، شەيخلىق قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن. خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىي ھەزرەتلىرىدىن كېيىن سەرھالقا سىلسىلىنى مۇھەممەد باقىبىللاھ ھەزرەتلىرى داۋام ئەتتۈرگەن. بۇ زات ئىمام رەببانىينى يېتىشتۈرۈپ، ئۇ كىشىگە ئىرشات ئىجازىتى بەرگەن. ئىمام رەببانىيدىن كېيىنمۇ بۇ «سىلسىلەئى ئالىيەئى نەقشىبەندىيە» ئاللاھقا شۈكۈرىكى، ئۆز ئېگىلىرى تەرىپىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە داۋام ئېتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۈمىد قىلىمىز ۋە ئىشىنىمىزكى، بۇ سەلسىلەئى شەرىف قىيامەتكە قەدەر داۋام ئېتىدۇ ۋە ئىنسانىيەتنى ھەقىقەت يولىغا، سۈننەت يولىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاللاھ بىزلەرنىمۇ شۇ ئەزىز ۋە پاك ئىنسانلار ئىزىدىن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلغاي، ئامىن!

---

⑨ بەزى مۇئەللىپلەر ئۆتمۈش دەۋر مەنبەلىرىگە تايىنىپ، خاجەگىي مۇھەممەد ئىمكەنەگىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان جايىنى سەمەرقەنت دەپ كۆرسىتىشكەن.

# پايدىلانمىلار:

ЎЗБЕКИСТОН РЕСПУБЛИКАСИ ФАНЛАР АКАДЕМИЯСИ
А Л И Ш Е Р НАВОИЙ НОМИДАГИ ТИЛ ВА АДАБИЁТ ИНСТИТУТИ
О Л Т И Н МЕРОС» ХАЛҚАРО ХАЙРИЯ ЖАМҒАРМАСИ»
Х О Ж А АБДУЛХОЛИҚ ҒИЖДУВОНИЙ
М А ҚОМОТИ ЮСУФ
ҲАМАДОНИЙ
Т о ш к е н т
«Я н г и аср авлоди»
2003

«خوجىگــــان نەقشــــبەندىيە ماشــــايىخلىرى» نــــاملىق بــــۇ رىســــالە ئۆزبېكىســــتان رېسپۇبلىكىســى پەنــلەر ئاكادېمىيەســى ئەلىشــىر نەۋايــى نامــدىكى تــىل ۋە ئەدەبىيــات ئىنســتىتۇتى «ئــالتۇن مــىراس» خەلقئارا خەيــرىيە جەمغارمىســى 2003 ـ يىلــى تاشــكەنتتە نەشــر قىلغــان ئەبــدۇلخالىق غىجــدۇۋانىي قەلىمىــگە مەنسـۇپ بولغــان«مەقامــاتى يۇســۇف ھەمەدانىي» ناملىق رىسالىگە قوشۇمچە قىلىنغان ئىكەن. شۇ جەمغارمىنىڭ خادىملىرى بــۇ رىسالىنى نەشرگە تەييارلاشتا پايدىلانغان ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

1. Абдураҳмон Жомий. Нафаҳот ул-унс мин ҳазарот ил-кудс. Маҳмуд Теҳрон, 1375.Обидий нашри,
1. ئابدۇراھمان جامىي: «نەفاھاتىلئۇنس مىن ھەزەراتۇل قۇدس».تېھران، ھىجىرىيە 1375 ـ يىل.
2. Алишер Навоий. Мукаммал асарлар тўплами. Йигирма жилдлик. Ўн еттинчи жилд,Насойим ул-муҳаббат. Тошкент, 2001.
2. ئەلىشــىر نەۋايــى: «مــۇكەممەل ئەســەرلەر تــوپلىمى»، 17 ـ جىلــد، «نەســايىمۇل مۇھەببەت»، تاشكەنت، 2001 ـ يىل نەشرى.

Абдулхолиқ Ғиждувоний. Мақомоти Юсуф Ҳамадоний, ЎзР .3
.ФАШИ, N 2533, 20-37 в

3.ئەبـــدۇلخالىق غىجـــدۇۋانىي: «مەقامـــاتى يۈســـۈف ھەمەدانىـــي»، ئۆزبېكســـتان رېسپۇبلىكىســـى پەنـــلەر ئاكادېمىيەســـى ئەلشـــىر نەۋايـــى نامـــدىكى تىـــل ۋە ئەدەبىيـــات ئىنىســـتىتۇتى «ئـــالتۇن مـــىراس» خەلقـــلارا خەيـــرىيە جەمغارمىســـىدا ساقلىنىۋاتقان 2533 - نومۇرلۇق قولىيازما، 20 - بەتتىن 37 - بەتكىچە.

Али ибн Ҳусайн Сафий. Рашаҳот айн ул-ҳаёт. Орифжонов .4
,литографияси, Тошкент
.1329

4.ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن سەفىي: «رەشاھات ئەينۇلھەيات»،

Камолиддин Афанди Ҳаририйзода. Тибёну васоилил-ҳақойиқ фи .5
.баёни салосилит-тароиқ. Сулаймония кутубхонаси. N 430/1

كامالـــددىن ئەپەنـــدى خەرىيرىـــزادە: «تىبيـــانۇ ۋەســـائىلىل ھەقـــايىق فـــى بەيـــانى سەلاسىلىت تەئارىق». ئەنقەرە، سۇلايمانىيە كۇتۇبخانىسى، 430 - نومۇرلۇق قولىيازما، 1 - بەت.

Муҳаммад ибн Аҳмад ибн Асъад Бухорий. Маслак ул-орифин. .6
.ЎзР ФАШИ, N4810-11

6.مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەسئەد بۇخارىي:«مەسلەكۇل ئارىفىن»، ئۆزبېكستان رېسپۇبلىكىســـى پەنـــلەر ئاكادېمىيەســـى ئەلشـــىر نەۋايـــى نامـــدىكى تىـــل ۋە ئەدەبىيـــات ئىنىســـتىتۇتى «ئـــالتۇن مـــىراس» خەلقـــلارا خەيـــرىيە جەمغارمىســـىدا ساقلىنىۋاتقان 4810 - نومۇرلۇق قولىيازما، 11 - بەت.

Абул Муҳсин Муҳаммад Бокир ибн Муҳаммад Али. Баҳоуддин .7
.Бало-гардон. М
.Ҳасаний таржимаси. Тошкент, 1993

7.ئەبۇلمۇھسىن مۇھەممەد باقىر ئىبنى مۇھەممەد ئەلى: «باھائۇددىن بالا گەردان»، م. ھەسەنىي تەرجىمىسى، تاشكەنت، 1933 - يىل.

.Хожа Абдулхолиқ Ғиждувоний. Васиятнома. Тошкент, 1993 .8

8.خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي: «ۋەسىيەتنامە»، تاشكەنت، 1933 - يىل.

.Дурдона. Мир Кулол ва Шоҳи Нақшбанд мақоматлари. Т., 1993 .9

9.«دۇرنامە». مىر كۇلال ۋە شاھى نەقشبەند مەقاماتلىرى، تاشكەنت، 1933 - يىل.

10. Хожаи Жаҳон – Хожа Абдулхолиқ Ғиждувоний. Тошкент, 1994.

10. «خوجائى جەھان خوجا ئەبدۇلخالىق غىجدۇۋانىي». تاشكەنت، 1994 - يىل.

11. Хожа Муҳаммад Ориф ар-Ревгарий. Орифнома. Тошкент, 1994.

11. خوجا مۇھەممەد ئارىف ئەر-رىۋگەرىي: «ئارىفنامە»، تاشكەنت، 1994 - يىل.

12. Фаридиддин Аттор. Тазкират ул авлиё. Теҳрон, 1376 ҳ.ш.

12. فەرىدىدىن ئەتتار: «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، تاشكەنت، ھىجرىيە 1376 - يىل.

13. Ҳусайн Вассоф. Сафинат ул-авлиё. I-II жилдлар. Истанбул, 1990.

13. ھۈسەيىن ۋەسساف: سەفىنەتۇل ئەۋلىيا»، 1 - 2- جىلدلار، ئىستانبۇل، 1990 - يىل.

14. Наждат Тўсун. Баҳоуддин Нақшбанд: ҳаёти, қарашлари, тариқати. Истанбул, 2002.

14. نىجات تۇرسۇن: »بەھائۇددىن نەقشبەند»، ھاياتى، قاراشلىرى، تەرىقەتى. ئىستانبۇل، 2002 - يىل.

15. Авлиёлар энциклопедияси. 12 жилдлик. Истанбул, 1992.

15. «ئەۋلىيالار ئىنتسىكلوگىيەسى»، 12 جىلدلىق. ئىستانبۇل، 1992 - يىل.

16. Абу Нуайм ал-Исфаҳоний. Ҳилят ул-авлиё. Ибн ул-Жавзий. Сифат ус-сафва(Саҳобадан кунимизгача Аллоҳ дўстлари). Истанбул, 1996.

16. ئەبۇ نۇئەيم ئەل ئىسفاھانىي: «ھىلياتۇل ئەۋلىيا»، ئىبنۇل جەۋزىي: «سىفەتۇس سەفۋا»، ئىستانبۇل، 1996 - يىل.

17. Муҳаммад бин Абдуллоҳ ал-Ховий. Одоб. Истанбул, 1995.

17. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەل خاۋىي: «ئەدەب»، ئىستانبۇل، 1995 - يىل.

18. Ҳаёт недир? (Рутбат ул-ҳаёт) Аҳмад Яссавийнинг устози Хожа Юсуф Ҳамадоний. Таржимон Наждат Тўсун. Истанбул, 1998.

18. خوجا يۈسۈف ھەمەدەنىي:«رۇتۇبەتۇل ھەيات»، نىجات تۇرسۇن تەرجىمىسى، ئىستانبۇل، 1998 - يىل.

19. Табақат ул-Кубро (Авлиё манқабалари) 4 жилдлик. Истанбул, 1985.

19. «تەبەقاتۇل كۇبرا»، 4 جىلدلىق، ئىستانبۇل، 1985 - يىل.

تامام!

ئۆزبېكچىدىن ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان